ئومۇمىي 70-سان
2025 ئىيۇن

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



2025 ئىيۇن
ئومۇمىي 70 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# 70 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى | ستەنلى رىدگلېي | 1 |
| ئامېرىكا جىھادىي گۇرۇپپىلارنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسىگە قوشۇلۇشىغا ماقۇللۇق بىلدۈردى | رويتېرس ئاگېنتلىقى | 8 |
| مەسئۇدبەگ يالاۋاچ | ھاجى ئەكبەر | 13 |
| سىزگە ئۆگىتىلمىگەن، ئەمما سىز ھەر كۈنى ئىشقا سالىدىغان يەتتە خىل كۈچ پرىنسىپى | مەئمۇن ئەھمەد | 29 |
| ئۇيغۇرلاردىكى «ۋەتەن»گە بېرىش دولقۇنى ۋە خىتاينىڭ مەدەنىيەت ساياھىتى پىلانى | ئاسىيە ئۇيغۇر | 36 |
| خىتاينىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى: ئامېرىكادىكى مەخپىي ئۇرۇش | نۇرا ئودونېل | 41 |
| ئىران ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلار | مەمەت ئىمىن دوختۇر | 47 |
| تۆت شىركەتنىڭ ئورتاق قۇرغۇچىسى پروفىسور: بىر تىجارەتنى باشلاش ئۈچۈن سۈنئىي ئەقىلدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟ | توم خادلىستون | 52 |
| خىتايدا خىرىستىيان ئۇيغۇر بولۇشنىڭ بەدىلى | جونى خىمل | 57 |
| ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ (ئىلھام توختىنىڭ) قىزى ئاتىلار بايرىمىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئورتاقلاشتى | | 61 |
| ئۆكتىچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان خىتاي جاسۇسلىرى | | 67 |
| يالغۇزلۇقتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىۋېلىڭ | ئەن پېترەجېلو | 71 |
| ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش چاقىرىقى قىلدى | | 81 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 84 |

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى


Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي






# ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇ ۋە ئىجادىي پاراسەت

20 ـ لېكسىيە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇچۇن ئىلھام مەنبەسى بولغان پىكىر ئۇچقۇنلىرى كۆپىنچە ھاللاردا ــ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ نەقەدەر روشەن ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ــ بىرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇ خىل پاراسەت ئۇچقۇنلىرى تىجارەت، ھەربىي، تەنتەربىيە، ئىلىم ـ پەن ۋە سىياسىي ساھەدىكى كاتتا يولباشچىلارنىڭلا زېھىن ئاسمىنىدا چاقنايدۇ. نوقۇل ھالدىكى ياخشى ئىستراتېگىيەچىلەر بىلەن بۈيۈك ئىستراتېگىيەچىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغىنى ئەنە شۇدۇر. بۇ لېكسىيەدە، سىز تەھلىل قابىلىيىتىڭىزگە يانداش كۈچ سۈپىتىدە ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇنى (strategic intuition) قانداق يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىسىز.

## پاراسەت ئۇچقۇنى

كارل ۋون كلاۋسېۋىتز بۈيۈك ئىستراتېگىيەنىڭ ئارقىسىدىكى پاراسەت ئۇچقۇنىنى «coup d'oeil» «بىر قاراشتىلا (ھەربىي ۋەزىيەت ۋە يەر شەكلىنىڭ ئەۋزەللىك ـ يېتەرسىزلىكلىرىنى) كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارى» دەپ ئاتايدۇ. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ خىل پاراسەت تىجارەت، ھەربىي، ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدە، شۇنداقلا باشقا نۇرغۇن ساھەلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

بۇ خىل ئىستراتېگىيەلىك نەزەرنى يېتىلدۈرگىلى ياكى مەشىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ئۇزۇندىن بۇيان مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. بىز تەھلىل بىلەن تۇيغۇنى تامامەن پەرقلىق ئىككى جەريان دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەنىدۇق. لېكىن، ئەمدىلىكتە تەتقىقاتچىلار بۇ ئىككىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن يەككە تەپەككۇر ئەندىزىسى مەۋجۇت، دەپ قاراشماقتا. بۇ يېڭى ئەندىزە «ئەقلىي ئەس» (intelligent memory) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەڭ يېڭى تەتقىقاتلاردا ئىلگىرى سۈرۈلۈشىچە، بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇئەييەن ئەھۋاللاردا پاراسەتكە ئىگە بولۇش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرەلەيمىز. بىز يەنە پاراسەت ئۇچقۇنلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئەھۋاللارنى دەڭسەپ، ئۆزىمىز ئۇچۇن شۇ شارائىتلارنى پەيدا قىلىش خۇسۇسىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيمىز.

### قارار چىقىرىش ئەندىزىلىرى

قارار چىقىرىش ئەندىزىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق تۆت قەدەملىك جەريانغا مەركەزلەشكەن: (1) مەسىلىنى تەھلىل قىلىش، (2) ئىمكان دائىرىسىدىكى چارىلەر تىزىملىكىنى تۈزۈش، (3) چارىلەرنى ئامىباب ئۆلچەملەرگە بىنائەن دەڭسەپ كۆرۈش، شۇنداقلا مۇھىملىق دەرىجىسىگە بىنائەن ئۆلچەملەرنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈش؛ (4) ئېنىق قارار چىقىرالاش ئۈچۈن، يۇقىرىقىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يىغىپ ھېسابلاش.

بۇ جەريانلار تىجارەت ساھەسىدىكى قارار چىقىرىشتا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئىستراتېگىيە نەزەرىيەچىسى ۋىلىيام دۇگانغا (William Duggan) كۆرە، «قارار چىقارغۇچىلار شۇنىڭغا مەجبۇر بولغاندا، يەنە رەسمىي تەرتىپلەر شۇنداق قىلىشنى تەقەززا قىلغاندا، ئاندىن مۇشۇ <تۆت قەدەملىك مېتود>نى قوللىنىدۇ. ئىش ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قالسا، ئۇلار ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇدىن پايدىلىنىدۇ.»

ھەربىي ئىستراتېگىيە تەتقىقاتچىلىرى قارار چىقىرىشنى «تەھلىلىي ئەندىزە» (analytical mode) ۋە «تۇيغۇ ئەندىزىسى»دىن (intuitive mode) ئىبارەت مۇستەقىل ئىككى ئەندىزىگە ئايرىشقان. مەسىلىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ۋە بولغۇسى چارىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە يەتكۈدەك ۋاقىت بار بولغان ئەھۋالدا، تەھلىلىي ئەندىزە ئۇسۇلى ئوبدان كارغا كېلىدۇ. ۋاقىت قىس بولغان ئەھۋاللاردا، تۇيغۇغا بىنائەن قارار چىقىرىش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. لېكىن، رەھبەرلەر تەجرىبىسىز بولغان، ئەھۋال مۇرەككەپلەشكەن ياكى ھەرىكەت پىلانلىرى ئۆزئارا توقۇنۇشقان ئەھۋاللاردا بۇ ئۇسۇل ئانچە كارغا كەلمەيدۇ.

تەتقىقاتچى پسىخولوگ گەربي كلېيىنغا (Gary Klein) كۆرە، مۇتەخەسسىسلەشكەن قارار چىقارغۇچىلار ئاۋۋال بىر قانچە چارىنى ئويلاپ چىقىپ، ئاندىن شۇلاردىن بىرىنى تاللىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار ئاۋۋال ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ، ئاندىن مەسىلە بىلەن چارە تەڭلا ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كېلىدۇ. ئۇلار ھەرىكەت پىلانى تۈزۈش ئۈچۈن تۈرلۈك بولغۇسى تەسىرلەر ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىدۇ. ئەگەر پىلاننى كارغا كېلىدۇ دەپ قارىسا، ئىجرا قىلىدۇ. كارغا كەلمەيدۇ دەپ قارىسا، تاشلاپ قويىدۇ.

دۇگان بىزگە شۇنى تەكىتلەيدۇكى، ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇنىڭ ماھىيىتى «ئۆتمۈشتىكى ئېلېمېنتلارنى تاللاشچان ھالدا كېلەچەككە سىڭدۈرۈپ، يېڭى بىرىكمە ھالىتىدىكى ھەرىكەت پىلانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتۇر. مەزكۇر ھەرىكەت پىلانى سىزنىڭ ئىلگىرىكى نىشانلىرىڭىزغا ماس كېلىشىمۇ، ماس كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا، سىز شۇ پىلاننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەمدە ئىجرائات جەريانىدا ئۇنى تەدرىجىي تاكامۇللاشتۇرۇش ھەققىدە ئۆزىڭىزگە ۋەدە بېرىشىڭىز كېرەك.» بۇ تەبىر پورتېرنىڭ ئىستراتېگىيەنى «ئىشلارنى پەرقلىق تەرزدە قىلىش» دەپ تەبىرلىشى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىككە ئىگە.

## ئىستراتېگىيە ئەڭ ياخشى مېتودمۇ؟

ئىستراتېگىيە پرىنسىپلىرىنى سودىدا ئەڭ ياخشى مېتودنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى دەپ قارايلى. ئەگەر ھەممە ئادەم ئەڭ ياخشى مېتود بويىچە ئىش قىلسا، ئۈنۈمدارلىق تېخىمۇ ئاشىدۇ-يۇ، لېكىن ھېچكىم سىجىل رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەگەر ھەممە ئادەم ئىستراتېگىيە ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇسا، ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا رىقابەت ئەۋزەللىكىنى ــ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ــ قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى قايسى رەھبەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇنى ئىشقا سالغانلىقىغا باغلىق. ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى «ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇ بىلەن تېزىملىك ھالىتىدىكى ئىستراتېگىيە ئارىسىدىكى سىپلىشتۇرما» ئۇقۇمى ھەققىدىكى ئۆزگىرىشچان ئامىللار تېزگىنلەنگەن تەجرىبە بولۇشقا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا، ئىككى تەرەپتىكى ئوفىتسېرلار ئوخشاش ھەربىي مەكتەپلەردە ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان، ئوخشاش ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن ئوخشاش نەزەرىيەلەر ئۆگىتىلگەن ۋە ئىلگىرىكى چوڭ ئۇرۇشلاردا بىللە ۋەزىپىگە ئۆتىگەنىدى.

بۇ خىل ئەھۋالدا بىز كىمنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئوبيېكتىپ ئامىللار بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، شىمال تەرەپ ھەربىي كۈچىنى ئۆلچەشتە ئۆلچەم قىلىنىدىغان بارلىق كاتېگورىيەلەردە دېگۈدەك، جۇملىدىن نوپۇس، تېررىتورىيە، قورال-ياراغ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىقلار جەھەتلەردە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى.

بۇ خىل ئەھۋالدىكى مۇۋاپىق پەرەز شۇ ئىدىكى، جەنۇب بىلەن بولغان ئۇرۇش تېز ئاخىرلىشاتتى ۋە ئۇرۇشتا شىمال تەرەپ غەلىبە قىلاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇرۇش تۆت يىل داۋاملاشتى ھەمدە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا غەلىبىنىڭ كىمگە نېسىپ بولۇشى ئېنىقسىز بولۇپ كەلدى. ئىستراتېگىيە ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر، بولۇپمۇ ئىستراتېگىيەلىك پاراسەت مەنتىقىگە زىت بۇ نەتىجىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

1863-يىلى 5-ئايدا، ۋىرجىنىيە شىتاتىنىڭ چەنسېلورسۋىلغا (Chancellorsville) يېقىن جايدا، روبېرت لى (Robert E. Lee) قوماندانلىقىدىكى شىمالىي ۋىرجىنىيە شىتات ئارمىيەسى گېنېرال مايور جوسېف خۇكېر (Joseph Hooker) قوماندانلىق قىلغان، كۆلىمى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان قوشۇن بىلەن تۇتۇشتى. لى بىلەن خۇكېر ھەر ئىككىسى غەربىي نۇقتا ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ۋە مېكسىكا-ئامېرىكا ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدى.

خۇكېرنىڭ قوشۇنى ئەسكەر سانى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە، ئەۋزەل يەر بۆلىكىدە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ئىگە ئىدى، شۇنداقلا ئارقا سەپ تەمىنات ئەھۋالى تېخىمۇ ياخشى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئەۋزەللىككە ئىگە قوشۇننىڭ پايدىسىز ھالەتتىكى رەقىبىنى مەغلۇب قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. ھالبۇكى، پۈتكۈل ئىچكى ئۇرۇشتىكى ئەڭ تەگپۇڭسىز بۇ جەڭدە، گېنېرال لى «كۆچلۈك دۈشمەنگە دۇچ

كەلگەندە، كۆچلىرىڭىزنى ھەرگىز پارچىلىماڭ» دېگەن ئەنئەنىۋى پاراسەتكە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلدى.

گېنېرال لى پەقەت ئىككى دىۋىزىيە ئارقىلىقلا خۇكېرنىڭ قوشۇنىنى بىر كۈن چۈشەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ستونۋول جەكسون (Stonewall Jackson) فېدېراتسىيە قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شىمال ئارمىيەسىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

### تۇيغۇغا ئاساسەن بىلەن قارار چىقىرىش

گەرىي كلېين ئۆزىنىڭ ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر تەتقىقاتىدا شۇنى بايقىغانكى، تەجرىبىلىك تۇنجى ئىنكاس قايتۇرغۇچىلار (first responder) ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى، ھەتتا بىر تاللاشنىمۇ ئويلاشماستىن، نوقۇل ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتىدىكەن. بۇ بايقاش كلېيننىڭ «تۇيغۇ ھادىسىسى»گە دىققەت ئاغدۇرۇشىغا سەۋەب بولغان.

كلېين تۇنجى ئىنكاس قايتۇرغۇچىلاردىكى «تۇيغۇ»نى كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ـــ بۇ چوڭ مېڭىنى مول تەجرىبە-ساۋاقلارنى چۈشىنىشكە، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ئوخشاش ئەھۋاللاردا تېزدىن توغرا جاۋابقا ئېرىشىشكە يېتەكلەيدىغان ھەرىكەت ۋە ئىنكاسلاردۇر ـــ جەريانىدا ئۆگىنىلگەن نۇرغۇن ئەندىزىلەرنىڭ تەدرىجىي بىرىكىشى دەپ قارايدۇ.

بۇ ئەندىزىلەر ۋە تەجرىبە ئاساسى بولمىسا، قارار چىقارغۇچىلار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. رەسمىي تەھلىل بەزى جەھەتلەردە تۇيغۇغا تولۇقلىما بولالىسىمۇ، ئەمما قارار چىقىرىشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

كلېين بىزنىڭ تۇيغۇغا بولغان تونۇشىمىزنى «چۈشىنىكسىز» ياكى «گۇمانلىق» دەپ قاراشتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇنىڭ قىممىتىنى مۇۋاپىق يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتتى. ئۇ شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىز تۇيغۇمىزنى تەھلىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۇيغۇنىڭ ۋەزىيەتنى تونۇشىمىزغا ۋە قارار چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەھلىل ئارقىلىق تۇيغۇمىزنىڭ توغرا-خاتالىقىنى دەلىللىشىمىز كېرەك.

### تۇيغۇغا تايانغان پاراسەت يېتىلدۈرۈش

تۆۋەندىكى يەتتە باسقۇچ سىزنىڭ تۇيغۇغا تايانغان پاراسەت يېتىلدۈرۈشىڭىزگە ۋە مەسىلىلەرنى شۇ ئارقىلىق ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئالدى بىلەن، ئەقلىڭىزگە كەلگەن تۇنجى تاللاشنىڭ ئەڭ ياخشى تاللاش بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يېتىڭ. بۇ تاللاشنى قەغەزگە يېزىۋېلىڭ ۋە شۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىڭ. تۇنجى

ئىنكاسىڭىزنى تەجرىبىڭىزگە ئاساسەن كۆزدىن كەچۈرۈڭ، قارارىڭىزنىڭ قايسى تەرزدە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى، قانداق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

كېيىنكى قەدەمدە، مەسىلىنى چۈشىنىشكە كاپالەتلىك قىلىڭ. سىز كۆنىۋېيى ئويلىنىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىسىڭىز، ھەرىكىتىڭىزنىڭ خاتا بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

ئۈچىنچىسى، تۇيغۇڭىز سىزنى ئازدۇرغاندا، ئۇنى چوقۇم يېڭەلىشىڭىز كېرەك. چوڭقۇر تەپەككۇردىن خالىي تۇيغۇ جاھىللىقتا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ناتوغرا چۈشەنچىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزدىن ئىدىيەڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە سەۋەب بولغۇدەك پاكىت بار-يوقلۇقىنى سوراڭ. ئەگەر بۇنداق بىر سەۋەب تاپالمىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئاللىقاچان چۈشەنچە سىستېمىڭىزنىڭ ئەتراپىغا «قورشاۋ تام» سېلىپ بولغان بولىسىز.

تۇيغۇڭىزنى ئىشقا سېلىپ، ئالدىن ئويلىنىڭ. دۇنيا ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئالدىن ئويلانغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە مۇرەككەپ. تارقاق مەسىلىلەرنى باغلاپ چۈشىنىش ئارقىلىق كۆرۈلگۈسى مەسىلىلەرنى بايقاش ئۈچۈن تۇيغۇڭىزنى ئىشلىتىڭ.

مەلۇم دەرىجىدىكى ئېنىقسىزلىقنى قوبۇل قىلىڭ. مۇكەممەل ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. مۇھىمى ئۆزىڭىزدىكى ئۇچۇرلارنىڭ قاچان يېتەرلىك بولغانلىقىنى بىلىشىڭىز، ئاندىن دادىللىق بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتىشىڭىزدۇر.

توغرا تەدبىر بەلگىلەش ئىستراتېگىيەسىنى ئىشلىتىڭ. ئەگەر مەسىلىلەر مۇرەككەپ بولسا، شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە ئېنىق تۇيغۇسى بولمىسا، تەھلىلگە تايىنىش تۇيغۇغا تايىنىشتىن بەكرەك ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

ئاخىرىدا، قارشى مۇقام تۇۋلىغۇچىلاردىن (naysayer)، مەسىلەن غوللۇق خىزمەتچىلەرنىڭ تەجرىبىسىنى قەدىرلىمەيدىغان باشقۇرغۇچىلاردىن، خىزمەتچىلەرنىڭ ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا بۇيرۇقلا ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان باشقۇرغۇچىلاردىن، ئېنىقسىزلىقتا قەتئىي يول قويمايدىغان باشقۇرغۇچىلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ.

بۇ لېكسىيەدىن ئېلىنىدىغان خۇشخەۋەر شۇكى، قالتىس چۈشەنچىلەر تالانت ئىگىلىرىگە خاس ئەمەس، ئىجادچانلىقمۇ سىرلىق كۈچ ئەمەس. سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىپ ۋە ئىجادىي يوسۇندا بىرلەشتۈرۈش ۋە قايتا تەشكىللەش ئىقتىدارى ناپالېئون ياكى ستېۋ جوبسقا ئوخشاش ئىنسانلارغىلا خاس ئەمەس. ھەممىمىز ئۇنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ۋە كۈچەيتەلەيمىز.

تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

دۇگان، «ناپالېئوننىڭ پاراستى» (Napoleon's Glance)

كلېين، «تۇيغۇنىڭ كۈچى» (The Power of Intuition)

كۇھن، «پەننىي ئىنقىلابلارنىڭ قۇرۇلمىسى» (The Structure of Scientific Revolutions)

**ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار**

1. سوغۇققان، تەھلىل خاراكتېرلىك قارار چىقىرىش جەريانىدا، تۇيغۇڭىزنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسە دەپ ئويلامسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئادەتلەنگەن قوراللىرىڭىزنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، تەجرىبىڭىزنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىشنى قانداق باشلىيالايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ.

2. جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرى تۇرلۇك ئورۇنباسار لايىھەلەرنى دەڭسەپ، تەھلىل قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئۇلار ئوخشاش ئەھۋاللاردىن توپلانغان مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ ھەمدە بۇ تەجرىبە ئۇلارنى دەرھال ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە يېتەكلەيدۇ. ئالاھىدە ماھارىتىڭىز ۋە تەجرىبىڭىز دائىرىسىدىكى مۇرەككەپ خىرىسلارنىڭ يېشىمىنى ئۇدۇللا «بىلىۋېتىدىغان» ئەھۋاللىرىڭىز بارمۇ؟ لېكسىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇقۇملار، بولۇپمۇ «بىر قاراشتىلا كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارى» ئۇقۇمى سىزنىڭ كەسپىي تۇيغۇڭىزغا قۇلاق سېلىشىڭىزغا ۋە پاراسەت ئۈچقۇنلىرىڭىز ئاساسىدا قارار چىقىرىشىڭىزغا قانداق ياردەم بېرەلەيدۇ؟

3. گېنېرال لىنىڭ چەنسېلورسۋىلدا قىلغىنىغا ئوخشاش، ھەر ئىككى خىل قارار چىقىرىش ئەندىزىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ۋە چەكلىمىلىكلىرىنى چۈشىنىش ھالقىلىق پەيتلەردە ئاقىلانە قارار چىقىرىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. تەھلىلىي قارار چىقىرىش بىلەن تۇيغۇغا ئاساسەن قارار چىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى



# ئامېرىكا جىھادىي گۇرۇپپىلارنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسىگە قوشۇلۇشىغا ماقۇللۇق بىلدۈردى

# ئامېرىكا جىھادىي گۇرۇپپىلارنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسىگە قوشۇلۇشىغا ماقۇللۇق بىلدۈردى

روېتېرس ئاگېنتلىقى خەۋىرى

دونالد ترامپنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، سۇرىيە يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ كونا جىھادىي گۇرۇپپىلارغا سۇرىيە ئارمىيىسىدىن ئورۇن بېرىش پىلانى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىقىغا ئېرىشكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ماقۇللۇققا سۇرىيە يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ جىھادىي گۇرۇپپىلارنى دۆلەت ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىشتە ئوچۇق-ئاشكارە (يەنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا يەڭ ئىچىدە ئىش قىلماسلىق) يولىنى تۇتۇشى كېرەكلىكىنى شەرت قىلغان.

سۇرىيە دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پىلان شەرقىي تۈركىستانلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان 3500 جىھادىي جەڭچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ جەڭچىلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان سۇرىيە ئارمىيىسى 84-دېۋىزىيىسىگە تەۋە بولىدىكەن، شۇنداقلا بۇ دېۋىزىيىدە سۇرىيەلىك جىھادىي جەڭچىلەرمۇ يەر ئالىدىكەن.

روېتېرس ئاگېنتلىق دەمەشىق شۆبىسى مۇخبىرى بۇ ھەقتە توماس باراكتىن (Thomas Barrack) سوئال سورىغان. توماس باراك ئامېرىكانىڭ تۈركىيە باش ئەلچىسى بولۇپ، ئۇ تۈركىيە باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن سىرت، ئالدىنقى ئايدا ترامپنىڭ سۇرىيە ئالاھىدە ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن. مۇخبىر ئۇنىڭدىن «ئامېرىكا سۇرىيەدىكى چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشىگە ماقۇللۇق بىلدۈرەمدۇ يوق؟» دەپ سورىغان. توماس باراك بۇ سوئالغا «مەن بۇ جەھەتتە ئىجابىي مەيداندا ئىكەنلىكىمىزنى، ئوچۇق-ئاشكارىلىقتا دىققەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، كۆپلىگەن كىشىلەر سۇرىيە يېڭى ھۆكۈمىتىگە «ئىنتايىن سادىق» ھېسابلانغان جەڭچىلەرنى دۆلەت مېخانىمىزى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۇلارنى چەتكە قېقىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتماقتا ئىكەن.

سۇرىيەدىكى ئىسيانچى گۇرۇپپىلار بىلەن بەشار ئەسەد ئارىسىدا ئون بەش يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش جەريانىدا سۇرىيەدىكى ھەيئەت تەھرىر شام (شامنى ئازاد قىلىش ھەيئىتى) ئىنقىلاب گۇرۇپپىسىغا قوشۇلغان چەتئەللىكلەرنىڭ ئاقىۋىتى — بىر چاغلاردا ئەلقائىدەنىڭ بىر تارمىقى بولغان ھەيئەت تەھرىر شامنىڭ ئۆتكەن يىلى ئەسەدنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ھوقۇقنى قولغا ئېلىشىدىن ئېتىبارەن غەرب بىلەن يېقىنلىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئەڭ مۇشكۈل ئەھۋالدىن بىرى بولدى.

ھېچ بولمىغاندا ماي ئېيى كىرگەنگە قەدەر ئامېرىكا سۇرىيە يېڭى ھۆكۈمىتىدىن چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ سۇرىيە بىخەتەرلىك تارماقلىرىدىن ئۆزاق تۇتۇلىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئىدى.

لېكىن ترامپنىڭ ئالدىنقى ئايدىكى ئوتتۇرا شەرق سەپىرىدىن ئېتىبارەن ۋاشىڭتوننىڭ سۇرىيەگە بولغان مۇئامىلىسى كەسكىن رەۋىشتە ئۆزگەردى. ترامپ ئەسەد زامانىدىكى سۇرىيەگە قارشى جازالارنى بىكار قىلىشنى قوبۇل قىلدى. رىيادتا سۇرىيەنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى ئەھمەد شەرا بىلەن كۆرۈشتى ۋە يېقىن دوستى بارراكنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ سۇرىيەنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا يېقىن ئىككى مەنبەدىن ئۇچۇر ئىگىلىشىچە، ئەھمەد شارا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ دۆلەت قوشۇنىغا قېتىۋېتىلىشىنىڭ ئۇلارنى تاشلىۋېتىشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئاز بىخەتەرلىك تەھدىتى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى تاشلىۋېتىشنىڭ بىر مەنىدىن ئۇلارنى ئەلقائىدەگە ۋە ئاتالمىش ئىسلام دۆلىتى چەمبىرىكىگە ئىتتىرىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**خىتاينىڭ ئەندىشىسى**

ئون ئۈچ يىل داۋاملاشقان سۇرىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە مىڭلىغان چەتئەللىك سۈننىي مۇسۇلمان جەڭچىلەر ئىراننىڭ قوللىشى ئاستىدىكى شىئە ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتقان ئەسەدكە قارشى سۇرىيەدىكى ئىنقىلابىي گۇرۇپپىلارغا قوشۇلدى.

بەزى چەتئەللىك جەڭچىلەر ئۆز گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىسە، بەزىلىرى سۇرىيە ۋە ئىراقتا خەلىپىلىك ئېلان قىلىپ قىسقا مەزگىل ئاياقتا تۇرغان، ئامېرىكا ۋە ئىران قوللىشىدىكى بىر قاتار قورallلىق كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئاتالمىش «ئىسلام دۆلىتى» قاتارلىق گۇرۇپپىلارغا قوشۇلدى.

ھەيئەت تەھرىر شامنىڭ ئىچىدىكى چەتئەللىك جەڭچىلەر سادىق، ئىنتىزامچان ۋە تەجرىبىلىك ئەسكەرلەر سۈپىتىدە نام چىقاردى ۋە ھەيئەت تەھرىرشامنىڭ ئۆزىنى پارتىلىتىپ ھۇجۇم قىلىش بىرلىكىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ھەيئەت تەھرىر شام ئۇسامە بىن لادىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان گۇرۇپپىدىن ئايرىلغان 2016-يىلىدىن ئېتىبارەن ئىسلام دۆلىتىگە ۋە ئەلقائىدەنىڭ قوراللىق تارماقلىرىغا قارشى جەڭ قىلغان.

شەرقىي تۈركىستاندىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئۇيغۇر جەڭچىلەر بېيجىڭ تەرىپىدىن تېرورىست دەپ ئېلان قىلىنغان تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدۇر. سۈرىيەدىكى بىر ئەمەلدار ۋە بىر چەتئەللىك دىپلومات خىتاينىڭ تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ سۈرىيەدىكى تەسىرىگە چەك قويۇشنى تەلەپ قىلغىنىنى بايان قىلدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «خىتاي سۈرىيەنىڭ خەلقئارالىق جەمئىيەتنىڭ ئەندىشىلىرىگە جاۋاب سۈپىتىدە ھەر خىل تېرورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇق تەرەپتارلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى سىياسىي ئەمەلدارلىرىدىن ئوسمان بۇغرا رويتېرس ئاگېنتلىقىغا بەرگەن يېزىقچە چۈشەنچىسىدە، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ رەسمىي رەۋىشتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ۋە سۈرىيە ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان.

بۇغرا «ئۇيغۇر جەڭچىلەر نۆۋەتتە تامامەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمرى ئاستىدا ئىش كۆرمەكتە. ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ خەلقئارالىق سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك چەتئەل كۈچلىرى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق» دېگەن.

2024-يىلى 12-ئايدا، ھەيئەت تەھرىر شامنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە ھەيئىتىدە يەر ئالغان بىر تۈركۈم چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ سۈرىيەدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەسكىرىي ھوقۇقلارغا تەيىنلىنىشى غەرب ھۆكۈمەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەن ۋە سۈرىيەنىڭ يېڭى ئىسلامچى لىدېرلىرىنىڭ يۆنىلىشى جەھەتتە ئەندىشە ياراتقان ئىدى.

چەتئەللىك جەڭچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ توختىتىلىشى، ھوقۇق تۇتقان چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ سۈرىيە تېررىتورىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى ھەققىدىكى تەلەپلەر ترامپنىڭ شارا

بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇھىم يىغىنلار ھەپتىسىگە قەدەر ۋاشىڭتون ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى بىلەن يېڭى سۈرىيە ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنەلمىگەن مۇھىم مەسىلىلەردىن ئىدى.

ئەھمەد شارا چەتئەللىك جەڭچىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە ئەسەتكە قارشى ئوينىغان رولى سەۋەبلىك سۈرىيە پۇقرالىقى بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەمەشىقتە تۇرىدىغان جىھادىي گۇرۇپپىلار مۇتەخەسسىسى ئابباس شەرىف دۆلەت ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەن جەڭچىلەرنىڭ سۈرىيە ھاكىمىيىتىگە ساداقەت كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە «ئىدىئولگىيىلىك جەھەتتە خىزمەت ئىشلەنگەنلىكىنى» بايان قىلدى.

ئۇ يەنە «ئەگەر سىز ئۇلارنى تاشلىۋەتسىڭىز ئۇلار ئائىيېسىنىڭ گۇماشتىلىرىغا ياكى باشقا رادىكال گۇرۇپپىلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.reuters.com/world/middle-east/us-gives-nod-syria-bring-foreign-jihadist-ex-rebels-into-army-2025-06-02/

ئۇيغۇر تارىخى



# مەسئۇدبەگ يالاۋاچ

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# قاراخانىيلارنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنى قوغدىغۇچى — مەسئۇدبەگ يالاۋاچ

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

موڭغۇل قاغانلىقىنىڭ تۆھپىكار دانا ۋەزىرى، قاراخانىيلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي مىراسلىرىنى قوغداپ قالغان ئۇيغۇر ئەزىمەت مەسئۇد بەگ يالاۋاچ ھىجرىيە 587 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيە 1191 ـ يىلى 2 ـ نويابىر شەنبە كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئىلىدا تۇغۇلۇپ، قەشقەردە ۋاپات بولغان داڭلىق ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، مەسئۇدبەگ يالاۋاچ بۈيۈك قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1289 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر ۋاپات بولغاندا ئۆزى ئىنشا قىلغان بۇخارادىكى مەسئۇدىيە مەدرىسىسىگە دەپنە قىلىنغان. كېيىنچە ئۇنىڭ قەشقەرگە يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىمۇ بايانلار بار. باشقا بىر قىسىم مەنبەلەردە، ئۇنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پايتەختى قاراقوچۇدا دۇنياغا كەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭ دانا ئاتىسى مەھمۇد يالاۋاچ ياش ۋاختىدىلا ئۆز يۇرتى خارەزىمدىن ئايرىلىپ، خوشنا ئەللەردە سودا قىلىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يېيىپ كەتكەن ئىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مەسئۇد بەگ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپان ياكى قەشقەردە تۇغۇلغان.

مەھمۇد يالاۋاچ خارەزىم شاھنىڭ قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنىتىنى تارتىۋالغان قاراختاي خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئورنىغا، قاراختاي تەختىنى تارتىۋالغان نايمان خانزادىسى كۈچلۈك بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقلىرى ئۈچ ئەسىردە بارلىققا كەلتۈرگەن يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، قەشقەر ۋە خوتەندىن بەشبالىق، ئالتاي ۋە موڭغۇل دالاسىغىچە بولغان بىپايان يۇرتلاردا سودا قىلىپ يېيىپ كەتكەن ئىدى. مەسئۇد بەگ كىچىكىدىن باشلاپلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ، ھەم تىرىكچىلىك، ھەم جاھاندارچىلىق يوللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. مىلادىيە 1209 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانى بارچۇق ئارت تېكىن مەھمۇد يالاۋاچنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كېلەچەك ئىتتىپاقدىشىنى توغرا تاللاپ، ئۇيغۇر تارىخىدا بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئىدى. كېيىنچە چىڭگىزخان مەھمۇد يالاۋاچنىڭ نوقۇل بىر

سودىگەر بولۇپلا قالماي، يەنە پىشقان دىپلومات ۋە يىراقنى كۆرەر دانا سىياسىيون ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ ئۇنى يېنىدا خاس مەسلىھەتچى قىلىپ ئىشلەتكەن. چىڭگىزخان ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھەر بىر قەدەمنى توغرا بېسىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىنى تەرتىپ بويىچە تارمار قىلغاندىن كېيىن، خانىۋەيران بولغان ئىقتىسادنى ۋە خەلقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. شۇ چاغلاردا ئەمدىلا قۇرامىغا يەتكەن ياش يىگىت مەسئۇد بەگ ئاتىسى بىلەن بىللە ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى نايمانلار ئېلى، موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئونغۇتلار ئېلى ۋە چىڭگىزخان ئۆزىگە قوشۇۋالغان شىمالىي خىتاي يۇرتلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتا قۇرۇپ چىقىپ مۆجىزە كۆرسەتكەن. مەھمۇد يالاۋاچنى تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان چوڭ ۋەقە 1217 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئۇنى تۇنجى ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى سۈپىتىدە خارەزىم شاھلىقى بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاش ئۈچۈن ئەۋەتىشى ئىدى. شۇ قېتىمقى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قاغانلىقتىكى ئورنى ۋە ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىپ، ئەل ئىچىدە «يالاۋاچ» دېگەن ئاتاق نامى فامىلىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

ئاتا ـ بالا ئەلچىلەر 1218 ـ يىلى ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلايدىغان مەغرۇر خارەزىمشاھ ئالائىددىن مۇھەممەدكە نەسىھەت قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ تۇران يۇرتلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم چىڭگىزخان بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. كىبىر كۆزى ئەقلىنى توسۇپ قويغان خارەزىمشاھ ئۆزىدىن ئارانلا يەتتە ياش چوڭ چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىنى «ئوغلۇم» دەپ ئاتىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مەزكۇر كېلىشىمنى رەت قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد يالاۋاچ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك تالانتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ دەل مۇشۇ «ئوغلۇم» دېگەن ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنى تولۇق مۇستەقىل سوراۋاتقانلىقى، شۇڭا ئاتالغۇغا ئەمەس، بەلكى ئاتالغۇ كەلتۈرىدىغان پايدا ـ زىيانغا قاراپ ئىش تۇتۇشنىڭ دانالىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ چىڭگىزخاننىڭ يېقىنلىق ئىزھار قىلىشى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇنى يامان تەرەپتىن تەھلىل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ شاھنى دوستلۇق كېلىشىمى تۈزۈشكە قايىل قىلغان. ئەلچىلەر ئۆمىكى قايتىپ بارغاندىن كېيىن، باشقا يانداش ئەلچىلەردىن بۇخارالىق ئەلى خوجا ۋە ئوترارلىق يۇسۇپ خوجىلار چىڭگىزخانغا مەھمۇد يالاۋاچنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، ھەممەيلەننىڭ بۇخارادا كاللىسى ئېلىنىشتەك قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەسئۇد بەگمۇ بۇ قېتىم ئاتىسىغا تېخىمۇ قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ماھارەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خارەزىمشاھنىڭ ئانا تەرەپ تۇغقىنى قاھىرخان ئوترار شەھىرىدە دوستلۇق كېلىشىمىنى بۇزۇپ، چىڭگىزخان ئەۋەتكەن 450 كىشىلىك تىجارەت كارۋىنىنى بۇلاپ، سودىگەرلەرنى قىرىپ تاشلىغاندا، مەھمۇد يالاۋاچ ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولغان بولسىمۇ، چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ

قىلىشنى خالىماي، باشقا ئەلچىلەرنى سەمەرقەندكە يولغا سالغان. ئەلچىلەرنىڭ بەزىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، بەزىلىرى سازايى قىلىنغانلىقتىن چىڭگىزخان خارەزىم خانلىقىنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان.

چىڭگىزخان 1219 ـ يىلىدىن 1221 ـ يىلىغىچە خارەزىم خانلىقى قوشۇنلىرىنى تولۇق تارمار قىلىپ، 1223 ـ يىلىغىچە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ھەممە يۇرتلارنى تولۇق ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاتا ـ بالا يالاۋاچلارنى بىللە ئېلىپ قايتىپ كەتكەن. 1225 ـ يىلى ئوغۇللىرى چاغاتاي ۋە جۇجىلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا تازا پۇت تىرەپ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاتا ـ بالا يالاۋاچلارنى بۇرۇنقى قاراخانىيلار خاقانلىقى ۋە خارەزىم خانلىقى تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئەمدىلا 24 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان مەسئۇد بەگ بۇ قېتىم ۋەزىپىنى ئاتىسى بىلەن بىللە ئورۇنلاپ، قىسقىغىنە ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا چىڭگىزخان پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىۋەتكەن بۇخارا، گۈرگەنچ، ئوترار، خارەزىم ۋە سەمەرقەند قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى قايتىدىن ئىنشا قىلىپ تېخىمۇ ئاۋات قىلىۋەتكەن. بۇ ئالەمشۇمۇل مۆجىزە 1229 ـ يىلىدىن بۇيان يېڭى قاغان بولۇۋاتقان ئۆگىداي قاغاننى تەسىرلەندۈرگەن. شۇڭا، ئۆگىداي قاغان 1236 ـ يىلى يازدا ئالتۇن خانلىقىنى يوقىتىپ شىمالىي خىتاي ۋە ئوتتۇرا خىتاينى تولۇق قولىغا ئالغان چاغدا، مەھمۇد يالاۋاچنى خانبالىقتا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق بۈيۈك تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ بۇ يۇرتلارنى قايتا ئاۋات قىلىشىنى ئارزۇ قىلغان. ئەينى چاغدا چاغاتاي مەھمۇد يالاۋاچقا ئۆچمەنلىك قىلىپ ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولغاچقا، ئۆگىداي قاغان مۇشۇ چارە بىلەن ھەر ئىككىسىنى يىراق تۇتۇشقا تىرىشقان. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئون يىللىق ئەجرىگە مىننەتدار بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد يالاۋاچنى بەشبالىق، قاراخوجا، ئىلىبالىق، ئالمالىق، قىيابالىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئىدىقۇت ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن باشلاپ تاكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، بۇخارا، سەمەرقەند، خارەزىم، گۈرگەنچ ۋە خۇراسان شەھەرلىرىگىچە بولغان پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، ئاتىسىدىنمۇ ھۆرمەتلىك قىلىپ قويغان. چاغاتاي دەسلەپكى بەش يىلدا ئۆزىدىن 12 ياش كىچىك بولغان مەسئۇد بەگنىڭ ئاتىسىدىنمۇ خەتەرلىك رەقىپ ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق ۋە ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىغان. بۇ ھال قاغاننى قاتتىق بىئارام قىلغان.

ئۆگەدەي قاغان ئەھۋالنىڭ بۇنداق يامان تەرەپكە قاراپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالماي، ئاكىسى چاغاتايغا بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، چاغاتاي ئەۋەتكەن بىر خىتاي بۇددىست راھىپى قاغاننىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، چۈشىدە چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، كۆكتەڭرىچى بولمىغان مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنى يوقىتىشى

كېرەكلىكى ھەققىدە تەلىمات بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. زېرەك قاغان بۇنىڭ يەنىلا ئۆز ئاكىسى چاغاتاينىڭ رەزىل سۇيىقەستى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، دەرھال قۇرۇلتاي چاقىرىپ، راھىپنى نەخ مەيداندا قايتا سوراق قىلىپ، راھىپنىڭ خىتايچىدىن باشقا بىر تىل بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، ئارقىدىنلا ئاتىسىنىڭ موڭغۇلچىدىن باشقا تىلنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، موڭغۇلچە بىلىدىغان چىڭگىز قاغاننىڭ خىتايچىدىن باشقا تىل بىلەن گەپلىشەلمەيدىغان راھىب بىلەن دىئالوگ قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مەنتىقىلىق ئىزاھلاپ ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش راسلا ئوبدان كارغا كەلگەن. چاغاتاي شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇد بەگكە قارشى تۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ قويغان. لېكىن، بۇرۇن ئۆزى خاراب قىلىپ تاشلىۋەتكەن بارلىق شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى باياشات ۋە ئاۋات ھالىنى كۆرۈپ، يۇقىرىقى بارلىق يۇرتلارنى مەسئۇد بەگدىن تارتىۋېلىش كويىغا چۈشكەن. ئۇنىڭ تەلىيىگە 1241 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر ئاتا ـ بالا يالاۋاچلارنىڭ ئارقا تېرىكى ئۆگەدەي قاغان تۇيۇقسىز قازا قىلغان. بۇنى تېپىلماس پۇرسەت دەپ قارىغان چاغاتاي دەرھال مەسئۇد بەگنى «ئىسيان كۆتۈرمەكچى» دېگەن بەتنام چاپلاپ، كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئالمالىقتىن بىر گۇرۇھ ئالاھىدە قاتىللار قوشۇنىنى خان يارلىقى بىلەن ئەۋەتكەن. ئوردىدىكى ۋە قوشۇندىكى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن بىر قىسىم قەلەمدار ۋە ئەلەمدار ۋەزىرلەر خۇپىيانە ھالدا بۇخارانى قايتا قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن بەند بولۇۋاتقان مەسئۇد بەگكە بۇ شۇم خەۋەرنى ئالدىن يەتكۈزگەن. تۇراننىڭ باش ۋالىيلىق مەنسىپىنى تاشلاپ بېرىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان مەسئۇد بەگ نائىلاج ۋەزىپىسىنى تەرك ئېتىپ، چاغاتاينىڭ رەقىبى بولغان ئالتۇن ئوردا خانى باتۇخاننىڭ ھۇزۇرىغا كېتىپ قالغان. بۇ چاغدا باتۇخان ئۆگەدەي قاغاننىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ، ياۋروپادىكى بىراقلا ئىشغال قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان پولشا، گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئىسپانىيەلەرنى تاشلاپ چوڭ قوشۇننى دەشتى قىپچاققا قايتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. باتۇخان مەسئۇد بەگكە خۇددى ئاتىسى ۋە بوۋىسىغا ھۆرمەت كۆرسەتكەندەك ئىززىتى بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ، بەش يىل بۇرۇن قۇرۇپ چىققان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ يېڭى پايتەختى ساراي شەھىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. مەسئۇد بەگ بۇ ۋەزىپىنى ئالتە ئايدىلا تولۇق ئورۇنلاپ، چوڭ قوشۇننىڭ قىينالماي قىشلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بەختكە يارىشا، ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبى چاغاتاي 1242 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇل ئالمالىقتا ئۆلگەن. يېرىم يىلدىلا ھەر ئىككى ھۆكۈمراندىن تەڭلا ئايرىلىپ قالغان موڭغۇل قاغانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتى قاتتىق داۋالغۇپ كەتكەن.

ھالقىلىق پەيتتە، مەسئۇد بەگ ئاتىسى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ سەممىي ئاتىدارچىلىقىغا ئېرىشكەن ئاكا ـ ئۇكا باتۇخان ۋە بەركەخانلارنىڭ تۇسۇشلىرىغا قارىماي، تەۋەككۈلچىلىك بىلەن بۇخاراغا قايتىپ

كېلىپ، موگغۇل قوشۇنى بىلەن يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا زور قىرغىنچىلىق چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. چۈنكى، چىڭگىزخان چوڭ قوشۇننى قايتۇرۇپ كەتكەن چاغدا بۇخارا ئاھالىسى ئىسيان كۆتۈرگەندە، چاغاتاي بۇنى باھانە قىلىپ، بۇخارا ئاھالىسىنى تولۇق قىرىپ تاشلىماقچى بولغاندا، مەھمۇد يالاۋاچ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تەرەپتىن مەزكۇر ئىسيانىنى قوزغىغان چوڭ ئىشان تارابىنى ئىسيانىدىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەدەي قاغاندىن كەچۈرۈم پەرمانى چۈشۈرگۈزۈپ، بۇخارانى قاتمۇ ـ قات قورشىۋالغان چاغاتاينىڭ سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلغان ئىدى. ناۋادا بۇنداق ۋەقە قايتا يۈز بېرىپ قالسا، يارىشىش ۋە كېلىشىش يولى تاپالمىغان ئىككى تەرەپ ئارىسىدا چىقىدىغان ئۇرۇش قايتا ئاۋات قىلىنغان بۇ مۇقەددەس شەھەرلەرنى يەنە خانىۋەيران قىلىۋېتەتتى. ئون يىلدىن ئارتۇق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان مەسئۇد بەگ بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەسلا يول قويالمايتتى.

مەسئۇد بەگ دەل ۋاقتىدا قايتىپ كېلىپ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى قايتا قولىغا ئالغان ھامان، ئالمالىقتىكى يېڭى خان قارا ھىلاكۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، چاغاتاي نامىدىن ئەيۋ سوراپ، بۈيۈك ۋەزىردىن خانلىقنىڭ داۋالغۇپ كەتكەن ۋەزىيىتىنى تېزدىن ئوڭشىشىنى ئۆمىد قىلغان. مەسئۇد بەگ دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگەن موگغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئىلىدىكى يايلاقلارغا چېكىنىشىنى تەلەپ قىلغان. مەغرۇر نويانلارمۇ مەسئۇد بەگنىڭ نوپۇزى ۋە ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ، قارشىلىق قىلمايلا پەرمانغا بويسۇنغان. شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر قەدىمىي شەھەرلەر يەنە بىر قېتىملىق خانىۋەيرانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقلاردىن ئامان قالغان. لېكىن، مەسئۇد بەگنىڭ موگغۇل قوشۇننى يايلاقلارغا سۈرگۈن قىلىپ، ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردە يەرلىك ئاھالىدىن ئامانلىق قوشۇنى تەسىس قىلىشى، ئۆز ئالدىغا پەرمان چىقىرىپ، بىر تامچە قان تۆكمەيلا پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى قاراقۇرۇمدىكى قاغانلىق تەختىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان تۈركىنا خاتۇن تەرەپدارلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. چۈنكى، بۇ چاغدا قاغانلىقنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمى بولغان شىمالىي ۋە ئوتتۇرا خىتاي تەۋەسى پۈتۈنلەي مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بۇ جاينىڭ ئاھالىسى كۆپ، يىغىلىدىغان باج ئەڭ كۆپ ئىدى. قاغانلىقنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ھىممەتلىك ئوغلى مەسئۇد بەگنىڭ ئىلكىدە ئىدى. قاغانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شىمالىي قىسمى ئاساسەن چۆللۈكلەر ۋە يايلاقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قاغانلىقنىڭ پۈتۈن ئادەم، بايلىق ۋە ئاشلىق تەمىنات مەنبەسى ئاتا ـ بالا يالاۋاچلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ناۋادا ئۇلار تەڭلا ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان بولسا، موگغۇل قاغانلىقى ئاتا ـ بالا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئامىل، خىتايدىن تەكلىپ قىلىنغان ئوردا ئەركانلىرى ۋە مۇشاۋۇرلىرىنىڭ ئاتا ـ بالا ۋەزىرلەرنى خۇددى ئەينى چاغدا خىتايدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ئاتا ـ بالا سىمايىلارغا ئوخشىتىپ، تۇركىنا خاتۇننىڭ ئاتا ـ بالا يالاۋاچلارنى سۈيىقەست بىلەن يوقىتىشىغا ھەدەپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشى ئىدى. قۇرۇلتايدىكى بارلىق مەخپىي كېڭەشلەردىن دەل ۋاختىدا خەۋەر تېپىپ تۇرغان باتۇخان قاراقۇرۇمغا بارمايلا قالماستىن، بەلكى، مەھمۇد يالاۋاچ ۋە ئوغلى مەسئۇد بەگ قاتارلىقلارغا قاراقۇرۇمدىكى يېڭى قاغان سايلاش قۇرۇلتىيىغا بارماسلىقنى جېكىلىگەن. تۇركىنا خاتۇن ئۇلارنى قاراقۇرۇمغا ئالداپ ئەكىلىش سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندا، باشقا يوللار ئارقىلىق ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى داۋام قىلىۋەرگەن. ناۋادا بۇ ئاتا ـ بالا ئۇيغۇر ۋەزىرلەردىن باشقا بىرلىرىنىڭ قولىدا مۇشۇنداق ئىمكانىيەت بولغان بولسا، يەنە كېلىپ جېنى خەۋپكە ئۇچرايدىغان سۈيىقەستلەرگە توختىماي ئۇچراپ تۇرسا، ئاللىبۇرۇن ئىسيان كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولاتتى. لېكىن، ئاتا ـ بالا ئۇيغۇر ۋەزىرلەر بۇرۇنقى ئىككى ئەۋلاد قاغاننىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۆزىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تۇتۇۋالغان. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ھوقۇق ـ سەلتەنەت ئەمەس، بەلكى، يۈرەك قېنى سىڭگەن ۋە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس يۇرتلىرىنى قايتىدىن خانىۋەيران بولۇشتىن قوغداپ قېلىش ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار قولىدا پۈتۈن ئىمكانىيەتلەر تۇرۇپمۇ موڭغۇل قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئالىيجاناپلىقى قاغانلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە ئابرۇيلۇق خانى باتۇخان ۋە مەھمۇد يالاۋاچنىڭ تەربىيىسىدە مۇسۇلمان بولغان ئامراق ئىنىسى بەركە خانلارنىڭ بەكلا تەسىرلەندۈرگەن. باتۇخاننىڭ بىۋاستە ئارىلىششى نەتىجىسىدە، تۇركىنا خاتۇن ئۇلارنى يوقىتىشتىن ۋاز كەچكەن. لېكىن، يەنىلا كۆڭلى ئارام تاپماي، مەھمۇد يالاۋاچنىڭ قاغانلىقتىكى باش ۋەزىرلىك مەنسىپىنى خىتاينىڭ ئامانلىقىنى قوغداۋاتقان ئابدۇراھمانغا بەرگەن. مەھمۇد يالاۋاچ بۇنىڭغىمۇ رازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن خىتايدىكى نوپۇزىغا قانائەت قىلىۋەرگەن. خىتايدىن ھەر يىلى يىغىلىدىغان باجلارنى ئۆزلۈپ قويماي قەرەللىك ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ يەنە باج سىياستىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، چىڭگىزخاننىڭ بىر تەرەپلىمە ياسقى ئورنىغا ئادالەتلىك بىر باج سىستېمىسىنى دەسسەتكەن.

مەسئۇد بەگمۇ ئاتىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، نوپۇس تىزىملىغان. ئاندىن يىللىق كىرىمگە قاراپ باج ئېلىش سىياستىنى چىڭگىزخاننىڭ ئادالەتسىز باج تۈزۈمى ئورنىغا دەسسەتكەن. بۇنىڭغا بىر قىسىم كونىچى كۈچلەر جان ـ جەھلى بىلەن قارشى چىقىپ، ئۇلارنى چىڭگىزخاننىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن ئەيىپلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل باج تۈزۈمىنىڭ ھەم دۆلەت خەزىنىسىگە، ھەم خەلققە تەڭلا پايدىسى تېگىپ، دۆلەت ۋە ئاھالىنىڭ تەڭلا قۇدرەت تېپىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىنىغا شاھىت بولغان ھۆكۈمرانلار بۇنىڭغا قارشى بىر ئېغىزمۇ نارازىلىق بىلدۈرەلمىگەن.

باتۇخان تۇركىنا خاتۇن بىلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن، مەسئۇد بەگ پۈتۈن قاغانلىقنىڭ پىېشقەدەم باش ۋەزىرى، قوشۇمچە مەركىزىي ئاسىيانىڭ بۈيۈك تۇتۇق بېگى سالاھىيىتى بىلەن قاراقۇرۇمدىكى قاغان سايلاش قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. بۇ چاغدا خىتاينىڭ جەنۇبىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆز تىكىۋاتقان سوڭ خانلىقى چېگرالارنى پاراكەندە قىلىۋاتقان بولغاچقا، جۇرجىت ۋە قىتانلارنىڭ قايتا تىرىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ قالسا، باستۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن موڭغۇل خانلىرى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ داۋاملىق خانبالىقتا مۇستەھكەم تۇرۇپ، قاغانلىقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىشقان. شۇڭا، مەھمۇد يالاۋاچ 1246 ـ يىلى كۈزدىكى چوڭ قاغان سايلاش قۇرۇلتىيىغا قاتناشمىغان.

مەسئۇد بەگ ۋە باتۇخانلار ئۆگەدەي قاغاننىڭ ئوغلى كۈيۈكخاننىڭ قاغانلىققا يېڭى قاغان بولۇشىنى توغرا دەپ قارىمىسىمۇ، لېكىن كۈيۈكنىڭ ئانىسى تۇركىنا خاتۇننىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى سەۋەبىدىن كۈيۈكخاننى ئېتىراپ قىلغان. شۇنداقتىمۇ، كۈيۈكخان تەختكە چىققاندىن كېيىنلا، ئانىسىنىڭ ھەدەپ ئوتتۇرۇقلۇق قىلىشى بىلەن تاغىسى باتۇخانغا ئۇرۇش قوزغىغان. جىيەنىنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قىلىقىغا قاراپ تۇرالمىغان باتۇخان دەشتى قىپچاقتىن قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان. بەختكە يارىشا، كۈيۈكخان 1249 ـ يىلى ھازىرقى چۆچەك ئەتراپىدا ئاغرىپ ئۆلگەن. نەتىجىدە، ئىككى تەرەپ قورقۇنچلۇق بىر ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالغان.

باتۇخان بۇ ۋەقەدىن كېيىن، قاغان سايلاش قۇرۇلتىيىنى قاراقۇرۇمدا چاقىرىش ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، دەشتى قىپچاقتىكى ساراي شەھىرىدە چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرغان. ئۆگەدەي قاغان ۋە چاغاتايخاننىڭ جەمەتلىرى بۇنى ئەنئەنىگە خىلاپ دەپ قاراپ، چوڭ قۇرۇلتاينى بايقۇت قىلىشقان. لېكىن، شۇ چاغدا خانبالىقتا مەھمۇد يالاۋاچنىڭ تەربىيىسىدە سىياسەتتە خېلىلا پىشىپ قالغان قۇبىلايخان ئۇستازىنىڭ تەلىماتى بويىچە، تولۇي جەمەتىدىكى قېرىنداشلىرىنى باشلاپ دەشتى قىپچاقتىكى چوڭ قۇرۇلتايغا قاتناشقان. نەتىجىدە، 1250 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى تولۇينىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكۈ باتۇخان تەرىپىدىن قاغان قىلىپ تىكلەنگەن. جۇجىنىڭ ئوغلى باتۇخاننىڭ بۇ قارارىغا قارشى چىققان ئۆگەدەي ۋە چاغاتاي جەمەتى قۇرۇلتاينى قاراقۇرۇمدا قايتا ئېچىشتا چىڭ تۇرغان. ھالقىلىق پەيتلەردە باتۇخان مەسئۇد بەگنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، قۇرۇلتاينى قاراقۇرۇمدا قايتا ئېچىشقا قوشۇلغان. چۈنكى، مۆڭكۈخان بىلەن قۇبىلايلار مەھمۇد يالاۋاچنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بولغاچقا، باتۇخاندىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇلاردىن قاغانلىق تالىشىشقا زادىلا سالاھىيىتى يوق ئىدى. ئالتە ئايغىچە سوزۇلۇپ كەتكەن قۇرۇلتاي 1251 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇل مۆڭكۈخاننى يەنە قايتا قاغانلىققا سايلىغان. شۇنداق قىلىپ، قاغانلىق تەختى ئۆگەدەي جەمەتىدىن رەسمىي ھالدا تولۇي جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. باتۇخان مۇشۇ تۆھپىسى ئۈچۈن تاكى ۋاپات بولغۇچە پەردە ئارقىسىدىن مۆڭكۈخانغا كۆرسەتمە بېرىپ

تۇرغان. تولىمۇ ئەپسۇس، 1254 ـ يىلى 11 ـ ماي دۈشەنبە كۈنى قۇبىلايخاننىڭ ئۇستازى مەھمۇد يالاۋاچ خانبالىقتا قازا قىلغان. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كېيىنى يېرىمايدىغان باتۇخانمۇ 1255 ـ يىلى قازا قىلغان. شۇنداق قىلىپ، بىر دۆلەت ئاتىسى ۋە بىر قەھرىمان ھۆكۈمدارىدىن تەڭلا ئايرىلىپ قالغان موڭغۇل قاغانلىقىنىڭ تۇنجى ئالتۇن دەۋرى ئاخىرلاشقان.

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەسئۇد بەگ يېڭى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزىدىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىپ خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشىنى خالىماي، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سىياسىي ۋە مۈلكىي مەنسەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ خانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قابىل ۋەزىرلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى شىمالدا يارىش ۋادىسىدىن، جەنۇپتا تارىم ۋادىسىغىچە، شەرقتە تۇرپان ئويمانلىقىدىن غەرپتە قەشقەر ۋە پەرغانىنىڭ غەربىدىكى بۇخاراغىچە بولغان ئانا يۇرتىدا ئىلىم ـ مەرىپەت ئوچاقلىرىنى قايتا ئىنشا قىلىش ۋە يېڭىچە ئالىي مەكتەپلەر ۋە كۇتۇپخانىلارنى قۇرۇشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ 1242 ـ يىلى قۇرۇشقا باشلاپ، 1247 ـ يىلى پۈتتۈرگەن داڭلىق ئالىي مەكتەپ «مەسئۇدىيە مەدرىسەسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. مەزكۇر مەدرىسە 1212 ـ يىلى نايمانلارنىڭ قاراختاي تەختىنى ئىگىلىۋالغان قاچاق خانزادىسى كۈچلۈك پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن مەشھۇر ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ خارابىسىدە قەد كۆتۈرگەن ئىدى. مەسئۇد بەگ يەنە 1260 ـ يىلى مەزكۇر مەدرىسىنىڭ يېنىغا سائادەت كۇتۇپخانىسى ئىنشا قىلدۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە تېپىلمايدىغان بارلىق قىممەتلىك ۋە بىباھا كىتابلارنى بۇ خەزىنىگە توپلىغان ئىدى.

مۆڭكۈخان ۋە ئىنىسى قۇبىلايخان 1255 ـ يىلى جەنۇبىي خىتايدىكى سوڭ خانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا، مەھمۇد يالاۋاچنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا خىتايدا بەرپا قىلغان ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ پايدىسىنى ئوبدان كۆردى. چۈنكى، 1259 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىلدەك ۋاقىتتا پۈتۈن ئۇرۇش چىقىمى ۋە لەشكىرىي تارتۇقلار مەھمۇد يالاۋاچ خەزىنىدە زاپاس ساقلاپ قويغان بايلىقلاردىن چىقىم قىلىنغان. كېيىنچە قۇبىلايخان ئىنىسى ئارىق بۇقانى تارمار قىلىش ۋە 1268 ـ يىلى سوڭ خانلىقىنى يوقىتىشقىچە بولغان يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مەھمۇد يالۋاچ خىتايدا تولۇق ئومۇملاشتۇرغان باج تۈزۈمىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئىدى. قۇبىلايخان ھېچقانداق سىرتقى كۈچنىڭ ياردىمى بولمىغان شارائىت ئاستىدا، مەھمۇد يالاۋاچ قالدۇرۇپ كەتكەن بايلىقلار ۋە ئىمكانىيەتلەر بىلەنلا پۈتۈن خىتاينى ۋە كورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك يېڭى ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىقالىغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، مۆڭكۈخان ۋە قۇبىلايخانلارنىڭ مەسئۇد بەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكمۇ دوستانە ئىدى. 1255 ـ يىلى تولۇينىڭ كىچىك ئوغلى ھىلاكۇخان غەربكە يۈرۈش

قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، ئۇ توپلىغان يۈز مىڭدەك موڭغۇل ئەسكىرىنىڭ ئالمالىقتا چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن مەسئۇد بەگ قەشقەردىن ئالمالىققا يېتىپ كېتىپ، لەشكىرىي ياساق يۈزلۈپ چىقىپ، مەركىز ھىلاكۇخان ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ئاھالىگە زىيان يەتكۈزۈشىنى توسقان ئىدى. ئۇ يەنە بۇ قان ئىچەر قوشۇنلارنى سەمەرقەندتە 40 كۈندەك مېھمان قىلىپ، ھەر قايسى نويانلارغا غەربىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمان تۇپراقلىرىدا بىھۇدە قان تۆكمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. قېنى قىزىپ تۇرغان بۇ قان ئىچەر قوشۇننىڭ قېنىنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن، مەسئۇد بەگ مۆڭكۈخانغا تەكلىپ بېرىپ، مەزكۇر قوشۇننى ئالدى بىلەن ئالامۇت قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرگەن. چۈنكى، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا قاتتىق ۋەھىمە سېلىپ كەلگەن پىتنە ـ پاساتنىڭ ئۇۋىسى بولغان بۇ قەلئە مىلادىيە 1090 ـ يىللاردىن بۇيانقى 150 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئىسلام دۇنياسىغا مۆلچەرلىگۈسىز زىيان سالغانىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 1259 ـ يىلى كۈزدە مۆڭكۈخان دالى دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ئوق تېگىپ قازا قىلغاندىن كېيىن، قاغانلىق مەركىزنى يايلاقتا ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغان ئارىق بۇقا ۋە خانبالىقنى مەركەز قىلغان بوستانلىق دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان قۇبىلايخان ئارىسىدا تەخت تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىدى. مەسئۇد بەگ موڭغۇل خانزادىلىرىنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزى ۋە ئاتىسى مىڭ تەستە ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا، مەسئۇد بەگ 1261 ـ يىلى تەختكە چىققان چاغاتاينىڭ 5 ـ ئوغلى ئالغۇنى يېنىغا تارتىپ، چاغاتاي خانلىقىنى ئارىق بۇقا بىلەن قۇبىلايخاننىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدىن يىراق تۇرۇشتا ئۇتۇق قازانغان. ئارىق بۇقا بۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن 1262 ـ يىلى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، سايرام كۆلى بويىدا قاتتىق مەغلۇپ بولغان. لېكىن، ئالغۇخان بۇ غەلىبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، مەسئۇد بەگنىڭ تەلىماتلىرىغا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن ئارىق بۇقا تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان. ئارىق بۇقا ئالمالىقنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن. مەسئۇد بەگ شەھەرنى قوغداپ قالالمىغان بولسىمۇ، پايتەختتىكى جامال قارشىغا ئوخشاش نوپۇزلۇق ۋە بىباھا ئالىملارنى ئۇتۇقلۇق قۇتقۇزۇپ قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئالمالىقتا تۇغۇلغان نوپۇزلۇق ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى 1263 ـ يىلدىن تاكى ۋاپات بولغىچە مەسئۇد بەگ قەشقەردىكى ساچىيە مەدرىسىسى خارابىسىدە قۇرۇپ چىققان مەسئۇدىيە مەدرىسىسىنىڭ باش مۇدەررىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1264 ـ يىلى ئارىق بۇقا قۇبىلايغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، 1266 ـ يىلى چاغاتاي خانى ئالغۇخان سىرلىق ھالدا ئۆلگەن. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قارا ھىلاكۇنىڭ ئوغلى مۇبارەكشاھ مەسئۇد بەگنىڭ قوللىشىدا تەختكە چىققان. بۇ ئىش قۇبىلايخاننى خاپا قىلىپ قويغان. چۈنكى، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆرە ھەر

قايسى خانلارنى قاغان بىۋاستە تەيىنلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، 1242 ـ يىلى چاغاتاي ئۆلگەندە، ئۇنىڭ بامىيانغا ئۇرۇشتا ئۆلگەن مۇقاتۇگا دېگەن ئوغلىدىن تۇغۇلغان ئەڭ كىچىك ئوغلى قارا ھىلاكۇ بوۋىسى چاغاتاينىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تەختكە چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆگەدەي قاغاننىڭ 1246 ـ يىلى تەختكە چىققان ئوغلى كۈيۈكخان «ئوغۇل ھايات تۇرۇپ، نەۋرىگە خان بولۇش راۋا ئەمەس!» دەپ قاراپ، شۇ چاغدا چاغاتاينىڭ ھايات بولغان بىردىنبىر بەشىنچى ئوغلى يېسۇ مۆڭكەنى چاغاتاي خانى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. 1251 ـ يىلى يازدىكى قۇرۇلتايدا يېڭى قاغان بولۇپ سايلانغان مۆڭكۈخان ئانچە كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقتىن، خانبالىقتىكى پەدەر ئۇستازى مەھمۇد يالاۋاچقا ئىنىسى قۇبىلايخاننى ئەۋەتىپ، زادى قانداق قىلغاندا ھەر قايسى خانلارنى قاغانغا سادىق تۇتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆرسەتمە ۋە تەلىمات تەلەپ قىلغان. مەھمۇد يالۋاچ ئۇنىڭغا «دەرەخنىڭ قېرى غوللىرىنى چاتاپ، ياش نوتىلىرىنى پەرۋىش قىلىش» ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۆڭكۈخان بۇ بىشارەتتىن ناھايىتى سۆيۈنۈپ دەرھال ھەر قايسى خانلىقلاردىكى كونا ۋە مۇتەئەسسىپ خانلارنى پۈتۈنلەي تەخت ـ سەلتەنەتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا باشلىغان. شۇ قاتاردا 1246 ـ يىلى قاغان كۈيۈكخان تەيىنلىگەن يېسۇ مۆڭكە خان خانلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قارا ھىلاكۇ قايتىدىن خانلىققا تەيىنلەنگەن. لېكىن، قارا ھىلاكۇ قاراقۇرۇمدىن ئالمالىق شەھىرىگە قايتىش يولىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئورگىنا خاتۇن مەسئۇد بەگ يالاۋاچنىڭ ھىمايىسىدە شۇ يىلىدىن تاكى 1261 ـ يىلىغىچە تولۇق ئون يىل چاغاتاي خانلىقىنىڭ نائىب خانى بولۇپ، ئارزۇلۇق ئوغلى مۇبارەكشاھنى مەسئۇد بەگنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان. بۇ خانزادىنىڭ ئىسمىنىمۇ مەسئۇد بەگ قويۇپ بەرگەن ئىدى. مەسئۇد بەگنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە، چاغاتاي جەمەتىدە تۇنجى مۇسۇلمان خانزادە يېتىشىپ چىققان. مەسئۇد بەگنىڭ ئارزۇسى موڭغۇل جەمەتلىرىنى ئۇيغۇر ـ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ قايتا خارابلىشىپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىش ئىدى. لېكىن، ئارىق بۇقانىڭ توپىلىڭى چوڭ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇردى. ئارىق بۇقا چاغاتاي جەمەتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىتەرەپلىك ئېلان قىلغان ئورگىنا خاتۇننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئالغۇنى تەختكە چىقاردى. يىراقنى كۆرەر مەسئۇد بەگ ئارىق بۇقانىڭ يامان نىيىتىنى دەل ۋاختىدا سېزىپ قېلىپ، ئالغۇنى يېنىغا تارتتى ۋە ئۇنى قايىل قىلدى. شۇڭلاشقا، چاغاتاي خانلىقى ھەر ئىككى تەخت تالاشقۇچى تەرەپكە يان باسمىدى. كېيىنچە، ھەر ئىككى قاغانلىق تالاشقۇچى چاغاتاي خانلىقىدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى. ئارىق بۇقا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئالغۇخان قۇبىلايخانغا مايىل كىشىلەر تەرىپىدىن سىرلىق شەكىلدە كۆزدىن يوقىتىلدى. جامال قارشىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە، مەسئۇد بەگ ئوتتۇرىغا چىقىپ، 1266 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن مۇبارەكشاھنى تەختكە چىقارغان. بۇ ئارقىلىق چاغاتاي خانلىقى خانبالىقنى مەركەز قىلغان موڭغۇل باش ئوردىسىدىن تولۇق مۇستەقىل بولۇش كۆزلەنگەن ئىدى. خان جەمەتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەزالىرى بۇنى قوللايتتى.

لېكىن، بۇ ئىش قاغان قۇبىلايىنى خاپا قىلىپ قويغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا قۇبىلايخان چاغاتايىنىڭ ئامراق ئوغلى مۇقاتۇگانىڭ قەتلى قىلىنغان ئوغلى يېسۈن تۇۋانىڭ ئوغلى باراقنى چاغاتاي خانى قىلىپ تەيىنلىگەن. باراقنىڭ ئاتىسى 1251 ـ يىلى سايلانغان قاغان مۆڭكۈگە قارشى بولغاچقا، قاغان مۆڭكۈخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

مۆڭكۈخاننىڭ ئىنىسى قۇبىلايخان بۇ ئارقىلىق چاغاتاي جەمەتىدىكى خانزادىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، بۇ مۇھىم خانلىقنى داۋاملىق خانبالىقنى ھىمايە قىلىدىغان خانلىق قىلىپ تۇتۇپ تۇرماقچى بولغان. لېكىن، باراقخان ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن مۆڭكۈخان ۋە قۇبىلايخانلارنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيتتى. ئەينى چاغدا ئاتىسى قاغانلىقنى تولۇي جەمەتىدىن چاغاتاي ۋە ئۆگەدەي جەمەتىگە يۆتكىمەكچى دېگەن گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، باراق ۋە قېرىنداشلىرى قاراقۇرۇمدا تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ قېلىنغان ئىدى. ئۇلار جانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قۇبىلايخانغا ھەدەپ ساداقەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. 1266 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باراقخان كۈتكەن تارىخىي پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ خانبالىقتىن ئالمالىققا كەلمەيلا ئالدىن خەۋەرچى ئەۋەتىپ، مەسئۇد بەگدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. ئۇ مەخپىي مەكتۇبىدا ئېنىق قىلىپ، قاغاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالمالىققا باشلاپ بارسا چوڭ قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا مەسئۇد بەگنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇبارەكشاھنى تەختتىن چۈشۈرۈپ بېرىشىنى، ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت مەسئۇد بەگ بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. مەسئۇد بەگ ئۇنىڭ سەممىيىتىگە قانائەت قىلغاندىن كېيىن، مۇبارەكشاھ ۋە ئانىسىنى قايىل قىلىپ، تەختنى تىنچ ھالدا باراقخانغا ئېلىپ بەرگەن. ئۇ يەنە باراقخان باشلاپ كەلگەن قاغان لەشكەرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن قايتا تەشكىللەپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىراندا ئىلخانىيلار خانلىقىنى قوروپ، ئاكىسىغا قۇبىلايخانغا مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان ھىلاكۇخان ۋە ئوغلى ئاباقاخانغا قارشى قوللانغان. مەسئۇد بەگ ھىلاكۇخاننىڭ تەبرىزدىن تۇرانغا ھۇجۇم قىلىشنى توسۇش ئۈچۈن، ئاتىسى مەھمۇد يالاۋاچ بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن ئالتۇن ئوردا خانى بەركەخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىدى. بەركەخان ھىلاكۇنى خورىتىپ يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھىلاكۇنىڭ ئوغلى ئاباقا بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، 1266 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھازىرقى گرۇزىيە پايتەختى تىبلىستا ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىراقلا ئاجىزلاپ كەتكەچكە، مەسئۇد بەگ خوشنا ئۆگەدەي خانلىقىنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ يېڭى ھەربىي ئىتتىپاقدىشى قىلىپ تاللىغان. چۈنكى، ئۆگەدەي جەمەتى ئاتا ـ بالا يالاۋاچلارنى مەزكۇر جەمەتنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىكارى ۋە مەدەتكارى دەپ قارايتتى. شۇ ۋەجىدىن باراقخانمۇ ھەر بىر ئىشنى مەسئۇد بەگنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلغان.

ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلغان قۇبىلايخان تېخى بىر يىلمۇ خان بولمىغان باراقخاننى جازالاش ئۈچۈن زور قوشۇن ئەۋەتكەن. 1267 ـ يىلى باراقخان موغۇلتاي باشچىلىقىدىكى قاغانلىق قوشۇنىنى تارمار قىلغان. چۈنكى، مەزكۇر قوشۇننىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەھمۇد يالاۋاچ بىر قوللۇق يېتىشتۈرۈپ چىققان ئەزىمەتلەر بولغاچقا، ئۇلار پەدەر ئۇستازىنىڭ ئوغلى مەسئۇد بەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قۇبىلايخاننىڭ چاغاتاي خانلىرىنى ۋە مەسئۇد بەگنى جازالاش خىيالى بەربات بولغان. باراقخان ئىككى يىلدەك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، 1269 ـ يىلى سەمەرقەند ئەتراپىغا جايلاشقان قەتۋان بوزقىرىدا ئۆگەدەي خانى قايدۇغا بەيئەت قىلغان. قايدۇ يېڭى قاغان سۈپىتىدە ھەر ئىككى خانلىقنىڭ ئالىي قاغانىغا ئايلانغان. نەتىجىدە، چاغاتاي ۋە ئۆگەدەي خانلىقلىرى شەرق تەرەپتە قۇبىلايخاننىڭ، غەربىي جەنۇبتا قۇبىلاينى ھىمايە قىلغۇچى ئىلخانلار خانلىقى بىلەن غەربىي شىمالدا قۇبىلايدىغان قوللايدىغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئۈچ تەرەپلىك قورشاۋىدا قالغان. مەسئۇد بەگمۇ شۇ يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا شەھەرلىرىدىن يىغىلغاچ باجنى قۇبىلايغا ئەمەس، بەلكى، قايدۇغا بېرىشكە باشلىغان. مەسئۇد بەگنىڭ ئاشكارا قوللىشى قايدۇغا زور مەدەت بولغان. قايدۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆز تەۋەسىدىكى موڭغۇللارنىڭ بارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى ۋە مۇسۇلمان ئاھالىنى پاراكەندە قىلىشىنى قەتئىي چەكلىگەن. قۇبىلايخانمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن تولۇق ۋاز كېچىپ، ئۇلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە باشلىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىنقى قېتىملاردا ئەۋەتكەن قاغانلىق قوشۇنى مەسئۇد بەگلەرگە تەسلىم بولۇپ كەتكەن ئىدى. قۇبىلايخاننىڭ ئەڭ قابىل قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ بىر قوللۇق تەربىيىسىدە يېتىشكەن ئەزىمەتلەردىن تەشكىل تاپقانىدى.

قۇبىلايخان 1268 ـ يىلى سوڭ خانلىقىنى مۇنقەرىز قىلىپ، 1271 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى نامىدا يېڭى قاغانلىق قۇرغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئۆگەدەي خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەشقەرگە ۋە ئالمالىققا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەر ئىككى خانلىقنىڭ دۆلەت ئاتىسى مەسئۇد بەگدىن ئۆز ئىلكىدىكى پۈتۈن خىتاي تەۋەسىنى ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا لازىملىق تايانچ شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە مەھمۇد يالاۋاچ ئۈچۈن خانبالىقتا بىر ھەشەمەتلىك گۈمبەز قوپۇرۇپ، مەسئۇد بەگكە بولغان سەممىيىتىنى ئىزھار قىلغان. مەھمۇد يالاۋاچتىن يادىكار ۋە ئامانەت قالغان كىتاب ـ ماتېرىيال ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن. مەسئۇد بەگ قىممەتلىك ئىلمىي يادىكارلىقلارنى 1260 ـ يىلى قەشقەردىكى مەسئۇدىيە مەدرىسىسى يېنىغا ئىنشا قىلغان سائادەت كۈتۈپخانىسىغا قويغان. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئەرباپ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قايتا جانلىنىپ، خانبالىقنى مەركەز قىلغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن خىتايدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يۈز يىل داۋام قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان دۆلەت ئەرباپلىرى مەسئۇدىيە مەدرىسىسىدە يېتىشىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر مەدرىسە

يەنە ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئىلخانىيلار خانلىقى ئۇچۇنمۇ تايانچ شەخسلەرنى ۋە دۆلەت ئەرباپلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. گەرچە، 1272 ـ يىلى يازلاردا مەسئۇد بەگ بۇخارا شەھىرىدە قۇرۇپ چىققان مەسئۇدىيە مەدرىسىسى ئىلخانىيلار خانى ئاباقا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە ناھايىتى تېزلا قايتا ئىنشا قىلىنىپ تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

مىلادىيە 1270 ـ يىلى مەسئۇد بەگنىڭ نەسىھىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغان باراقخان 1271 ـ يىلى قايدۇ ئىنئام قىلغان زەھەرلىك شارابنى ئىچىپ قازا قىلغان. ئۇ تارىختا غىياسىددىن باراقخان دەپ ئاتالغان. بۇ ۋەقە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۆگەدەي خانلىقىغا بولغان ساداقىتىنى سۇسلاشتۇرغان. شۇنداقتىمۇ مەسئۇد بەگنىڭ تىرىشچانلىقىدا، يۈەن سۇلالىسى بىلەن مەزكۇر ئىككى خانلىق ئارىسىدىكى قاتتىق ئۇرۇشلار توختىغان. جامال قارشىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، مەسئۇد بەگ 1289 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر ۋاپات بولۇپ، بۇخارادىكى ئۆزى قۇرغان مەسئۇدىيە مەدرىسىسىگە دەپنە قىلىنغان. ئارقىدىنلا 1294 ـ يىلى 18 ـ فېۋرالدا قۇبىلايخانمۇ خانبالىقتا قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان نەۋرىسى توقا تېمۇر تۆت يىلدەك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، 1298 ـ يىلى ئۆگەدەي خانلىقىغا ھۇجۇم باشلىغان. ئاباقامۇ غەرپتىن ھۇجۇم باشلىۋەتكەن. ئاقىۋەت، قايدۇخان 1301 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چاپارخان مەزكۇر سەلتەنەتنى قوغداپ قالالمىغاچقا، 1306 ـ يىلىغىچە قايدۇخان تىكلىگەن 40 يىللىق سەلتەنەت يۈەن سۇلالىسىنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان. باراقخاننىڭ 1277 ـ يىلى مەسئۇد بەگنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن تەختكە چىققان ئىككىنچى ئوغلى دۇۋاخان ئۆگەدەي خانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىشىغا قاراپ تۇرالماي، مەزكۇر خانلىقنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنى ختايغا قوغلىۋەتكەن. 1307 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇل دۇۋاخان ئۆلگەندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئىلى دەريا ۋادىسىغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋات ئالمالىق شەھىرىنى يەنە بىر قېتىم خانىۋەيران قىلىۋەتكەن. 1312 ـ يىلى چاغاتاي خانى ئېسەن بۇقاخان يەنە بىر قېتىم ئالتۇن ئوردا ۋە يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ۋاقىتلىق يۈەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىلى ۋادىسىنى پايتەخت بولۇشقا مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان ئۆكىسى كېبەكخان پايتەختنى غەرپتىكى سەمەرقەندتىكە كۆچۈرگەن. ئاقىۋەت، بىر پۈتۈن چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. تارىخ چاقى 1359 ـ يىلىغا كەلگەندە، تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەر ئىككى خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك خانلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. كېيىنچە، مەزكۇر غەلىبە مېۋىسى ئۇنىڭ ئىسيانچى سەركەردىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئاتا ـ بالا ياللاۋاچلارنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى ئۆتكەن

ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئانا ۋەتىنى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ كەلدى. مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرى ھېسابلىنىدۇ.


قايدۇ بىلەن دۇۋانىڭ مەسئۇد بەگنىڭ قوللىشىدا خانبالىققا قارشى تۇرۇشى ھازىرقى ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ يۈەن سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىسيانلىرى بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيىسىنىڭ 1757 ـ يىلىغىچە خىتايدىن ئۆزلۈك ـ كېسىل ئايرىلغان مۇستەقىل بىر گەۋدە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شۇڭا، قايدۇنىڭ نامى ھازىرقى كورلا قارا شەھەر تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مەشھۇر دەرياغا بېرىلدى. دۇۋانىڭ نامى بولسا ھازىرقى گۇما ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بىر مەشھۇر يېزىغا ۋە كۆمۈر كېنىغا بېرىلدى.

مەسئۇد بەگ 1289 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىر خوجەندتە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇخارادىكى مەسئۇدىيە مەدرىسىسىگە دەپنە قىلىنغان. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇ بەكىر مەسئۇد يالاۋاچ «بەگ» نامى بىلەن قايدۇخان تەرىپىدىن رەسمىي ئاتىسىنىڭ ئىزباسارلىقىغا تاللىنىپ، ئاتىسىغا ھاۋالە قىلىنغان بارلىق ۋەزىپىلەرگە تولۇق ھوقۇق بىلەن تەيىنلەندى. ئۇ قىسقىغىنە بەش يىللىق بۈيۈك تۇتۇقلۇق دەۋرىدە ئاتىسىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ئاتىسى قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، تارىختا «ئىككىنچى مەسئۇد بەگ» دەپ مەشھۇر نام قالدۇردى. ئۇ 1298 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ساتىلمىش يالاۋاچ قايدۇخان تەرىپىدىن ئاكىسىنىڭ پۈتۈن ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ 1303 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1301 ـ يىلى ئاتىسى قايدۇ خاننىڭ ئورنىغا چىققان چاپار ( جەبە ) خان ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى سۆيۈنچەك ( سېۋىنچ ئوغلان ) بەگ يالاۋاچنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. سۆيۈنچەكبەگ يالاۋاچ ئاتىسى ۋە ئاكىلىرى دەۋرىدە شەھەر باشقۇرۇش ئۈچۈن مەركەز قىلىنغان خوجەند شەھىرىنى تاشلاپ، قەشقەرنى ئۆزىنىڭ يېڭى مەركىزى قىلغان. ئۇ يەنە جامال قارشى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىملارنى قەشقەرگە توپلاپ، قەشقەرنىڭ شۆھرىتىنى بۇخارادىن ئاشۇرۇۋەتكەن. جامال قارشى دەل مۇشۇ 1303 ـ يىلى قەشقەردە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۆتىۋەر ۋە بىباھا ئۆلمەس ئەسىرى «مۇلھاقاتۇس سۇراھ» نى يېزىپ چىققان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردە ۋاپات بولغان. سۆيۈنكەچ بەگ يالاۋاچ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئەجداتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، «ئىلىم ۋە ئەلەمگە ھۆددىگەر پىرىم» دەپ شۆھرەت قازانغان. ۋاپات بولغاندا، ئاتىسى ۋە جامال قارشىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىنغان.

ئەينى چاغدىكى زاماندىش تارىخچىلار ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىنىڭ باھالىرىغا قارىغاندا، مەسئۇد بەگ ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتىدە، سىياسەت ۋە باشقۇرۇش ئىلمىدا ئاتىسى مەھمۇد يالاۋاچتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، جامال قارشىنىڭ مەسئۇد بەگنى تارىختا ھېچقانداق بىر ھۆكۈمرانىنى

ماختاپ باقمىغان پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك مەدھىيەلىرى بۈنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە. جامال قارشى ئۆز باھاسىدا مەسئۇد بەگنى پۈتۈن ھۆكۈمدارلار ھەۋەس قىلىشقۇدەك پەزىلەتلەر، ئالىيجاناپلىق، مەرتلىك، دانالىق، تالانتلار، ھۆرمەت ۋە ماھارەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن ئىدى. جامال قارشى ئۆزىنىڭ 22 يىللىق ئۆمرىنى مەسئۇد بەگ بىلەن بىللە تەڭ كۈرەش قىلىپ ئۆتكۈزگەچكە، ئۇنىڭ باھاسى باشقا ھەر قانداق تارىخچىنىڭ باھاسىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئورۇس تارىخچىسى بارتولدمۇ ئاتا - بالا يالاۋاچلارغا يۈكسەك باھا بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، مەھمۇد يالاۋاچ قاغانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تەنھا ھۆكۈمرانى، ئوغلى مەسئۇد بەگ پۈتۈن تۇرانىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى ۋە باش خەزىنىدارى ئىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز خان ئوردىسىدىن پەرمان چۈشمەيتتى. خانلار پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرەتتى. شۇڭا، ئەينى چاغدىكى پۈتۈن دۇنيا ئەنسىزلىكتە چۆمگەن نازۇك بىر مەزگىلدە، مەركىزىي ئاسىيا خەلقى تولىمۇ بەختىيار ۋە ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشىغان ئىدى.

خۇلاسە قىلىغاندا، مەسئۇد بەگ 1239 - يىلىدىن 1289 - يىلىغىچە ئۇدا 50 يىل ۋەزىيەتنى جىددىيلىشىپ ۋە داۋالغۇپ تۇرغان مەركىزىي ئاسىيا تۇران بوستانلىقلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ قايتا خارابلىشىپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىپلا قالماي يەنە تېخى ھەر قايسى خانلىقلار ئارىسىدىكى ماجرالارنى دانا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مەزكۇر 50 يىلدا گۈللەپ - ياشناپ، بۇرۇنقى بۈيۈك قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئالتۇن دەۋرنى قايتا بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ جامال قارشى قاتارلىق تەڭدىشى يوق نوپۇزلۇق ئالىملارنى ئالمالىق ۋە سەمەرقەند قاتارلىق ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان مەركەزلەردىن بىر قەدەر تىنچ بولغان قەشقەرگە توپلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تارىم ۋادىسىدا قايتا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئاساس سالغان. نەتىجىدە، 1144 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە خانىۋەيران قىلىنغان قەشقەر شەھىرى مەسئۇد بەگنىڭ تىرىشچانلىقىدا «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ داڭق چىقارغان. مەسئۇد بەگمۇ 1289 - يىلى تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئوسمانىلار سۇلتانلىقىنى ئىككى يىل ئىچىدىلا خەرىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، تاكى يېرىم ئەسىرگىچە قايتا ئەسلىگە كېلەلمەس قىلىۋەتكەن ئەمىر تۆمۈر 22 يىلدىمۇ يوقىتالمىغان ئەڭ ئەشەددىي رەقىبى ئەمىر قەمەرىددىننى مەغلۇپ قىلغان 1388 - يىلى قەشقەر شەھىرىنى قىسقا مەزگىل ئىشغال قىلىۋالغان. 1389 - يىلى يارىش ۋە تارىم ۋادىسىدا تەڭلا قاتتىق قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئەمىر تۆمۈر رەقىبى ئەمىر قەمەرىددىننىڭ بازىسى دەپ قارىغان قەشقەر شەھىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ خاراب قىلىۋېتىپ ئاندىن چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ باغرى قارا نادان خانزادىسى جاھانگىر مىرزا بۇيرۇق بويىچە قەشقەر شەھىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ، ئاندىن سەمەرقەندكە قېچىپ كەتكەن. قەشقەر شەھىرى شۇنىڭدىن بۇيان تاكى 1489 - يىلىغىچە قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگەن.


كۆڭۈل ۋە تەن
سىزگە ئۆگىتىلمىگەن، ئەمما سىز ھەر كۈنى ئىشقا سالىدىغان يەتتە خىل كۈچ پرىنسىپى
مەئمۇن ئەھمەد

# سىزگە ئۆگىتىلمىگەن، ئەمما سىز ھەر كۈنى ئىشقا سالىدىغان يەتتە خىل كۈچ پرىنسىپى

مەئمۇن ئەھمەد

بىر ئىنساننى ھەقىقىي مەنىدە كۈچلۈك قىلىدىغان نەرسە نېمە؟ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش ياكى ھاكىممۇتلەق شەكىلدە ئەمەس، قارارلارنى ئۆزگەرتىدىغان، ئىشەنچ قازىنىدىغان، ھاياتنى ئۇن-تىنسىز ئۆزگەرتىدىغان تەۋرەنمەس كۈچ زادى نېمە؟ نېمىشقا بەزى ئىنسانلار بارچە سەلبىيلىكلەرگە ۋە قارشىلىقلارغا قارىماستىن بارغانچە يۈكسىلىدۇ-يۇ، يەنە بەزى ئىنسانلار ياخشى نىيىتى ۋە ئەقىل سەۋىيەسىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە قارىماي مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىدۇ؟

بۇ سوئاللارغا نىكولو ماكىياۋېللىنىڭ جاۋابى بار. ماكىياۋېللى بەش يۈز يىل ئىلگىرى سىياسىي سۈرگۈننىڭ جىمجىت ئۇمىدسىزلىكىگە پاتقان يىللاردا كۈچنىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقى ھەققىدە كەسكىن ۋە كەڭ قورساق نەزەرگە ئىگە ھالدا بىر پرىنسىپنى يېزىپ چىققان.

زۇلۇمنى ئۇلۇغلاشتۇرۇشتىن ئۇزاق بولغان كامىياۋېللى كۆپىنچە ھاللاردا ئىشلارنى ئالدىن قىياس قىلغىلى بولمايدىغان ۋە كەچۈرمەيدىغان بىر دۇنيادا باشچى بولۇش ئۈچۈن بىزگە بىر رامكا سۇندى.

ئۇنىڭ تەلىماتلىرى راھەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولغانلىقىنى ئۈچۈن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرىدا راستىنلا ئەس قاتىدىغان نۇقتىلار بار. ئۇ ھەر بىر تەسىرچان باشچىنىڭ ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى كېرەك بولغان ئالتە ئاساسىي ئالاھىدىلىكنى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان يەنە بىر مەخپىي يەتتىنچى ئالاھىدىلىكنى بايان قىلدى. بۇ ئالاھىدىلىك پەقەت ئىستراتېگىيىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. بۇ يەتتە ئالاھىدىلىك ھەم ئەقىل، ھەم قەلب ئارقىلىق قانداق قىلىپ دانالىق بىلەن باشچى بولغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**1. مۇھىم پەيتتە ھەرىكەتكە ئۆتۈش جاسارىتى**

بۇ جاسارەت ئەخلاقىيلىق بىلەن ئەمەس، مەۋجۇتلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ جاسارەت — دەل توغرا پەيتتە ئىنتىزام، ئۆزگىچىلىك ۋە جاسارەت بىلەن ھەرىكەت قىلىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ماكياۋىللى ئېيتقاندەك «تەلەي بىر ئايالدۇر. ئەگەر بىرى ئۇنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۇشىنى ئارزۇلىسا، جەسۇر ھالدا، ئىككىلەنمەستىن ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش لازىم.»

بۇ ھۆججەتلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، ھازىر بولۇش بىلەن، تەييارلىق ھالىتىدە بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پۇرسەتلەر تولىمۇ نادىر ئەھۋالدا ئىككى قېتىم كېلىدۇ. تارىخ شەكىللەندۈرگەنلەر — باشقىلار توختاپ قالغاندا ئالدىغا چىققانلاردۇر. ۋىنستون چېرچىلنىڭ (Winston Churchill) ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ كۈنلىرىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ياكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغىنىنى ۋەياكى بىر قۇرغۇچىنىڭ يېڭى بىر ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى دوغا تىككىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. مانا بۇلار تەۋەككۈلچىلىك پەيتلىرىدۇر.

**2. دۇنيانى ئەسلى ھالىتىدە كۆرۈش**

بىر يەرگە بارغاندا دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ بىزگە ئۆگىتىلگىنى بويىچە يۈرۈشمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ماكياۋىللىيغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل بايقاش ھەسرەتلىك شەكىلدە روياپقا چىقىدۇ. ماكياۋىللى فلورانسىيەگە ئۇزاق يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆز كونتروللۇقىدا بولمىغان سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرمىگە قامالدى ۋە تۈرمىدە تاياق-توقماققا قالدى.

(ماكياۋىللىيغا نىسبەتەن) بۇ پاجىئەدە مۇھىم بىر ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى: ياخشى نىيەتلىك بولۇش يېتەرلىك ئەمەس. دۇنيا پەقەت ئەخلاق-پەزىلەتنىلا ئەمەس، ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ئىش-ھەرىكەتنىمۇ مۇكاپاتلايدۇ. ماكياۋىللىي مۇنداق دېگەن: «بىر ئىنساننىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكى ئۇنىڭ قانداق ياشىغىنىدىن شۇ دەرىجىدە ئۇزاقتۇركى، قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشنى تەرك ئەتكەن ھەر كىشى قوغدىنىش ئورنىغا ۋەيران بولۇشنى ئۆگىنىدۇ.»

بۇ قىممەت قاراشلارنى تەرك ئېتىشكە ئالاقىدار چاقىرىق ئەمەس، ئۇلارنى ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن ھەقىقەتكە بويۇن ئەگدۈرۈش تەلىپىدۇر. ياخشىلىق قىلىشنى خالىساق، ئالدى بىلەن ياخشىلىقنى ئوچۇق رەۋىشتە كۆرىشىمىز لازىم.

ئۆزىڭىزدىن «قايسى ھەقىقەتلەردىن قېچىۋاتىمەن؟» دەپ سوراپ تۇرۇڭ. ھەقىقىي ئۆزگىرىش — توغرا بېسلغان تۈنجى قەدەمدۇر.

**3. ئىستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات: كۆرۈنمەيدىغان ئويۇننى كونترول قىلىش**

ماكياۋىللى بىر باشچىنىڭ ھەم شىر، ھەم تۈلكە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان: تەھدىتلەرنى قاچۇرغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك، تۇزاقلارغا چۈشمەيدىغان دەرىجىدە ئەقىللىق. بۇ كونترول قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، ھوشيارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۈچ ئادەتتە پەردە ئارقىسىغا يوشۇرىنىدۇ. ئەڭ ياخشى يولباشچىلار پەقەت پىكىر-مۇلاھىزە بىلەنلا قالماستىن، سېتمىنى ئەتراپلىق كۆزىتەلەيدۇ. ئەنگلىيە خانىشى بىرىنچى ئېلىزابېت ئىسپانىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن تاكتىكا ئىشلەتكەن، گەندى زوراۋانلىقنىڭ ئورنىغا ئەخلاقىي بېسىمنى قورال ئورنىدا ئىشلەتكەن. ھەقىقىي كۈچ ئادەتتە ھۆركىرەشتىن ئاۋۋال كۇسۇرلايدۇ. سىزگە نىسبەتەن بۇ جىمجىتلىقنىڭ قاچان كۈچكە ئىگە بولغىنىنى ياكى تىركىشىشنىڭ قاچان تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ئىشارەت قىلغىنىنى پەرق ئېتىش مەنىسىگە كېلىشى مۇمكىن. ئىستراتېگىيىلىك ئەقىل — توختاش، ئومۇمىي مەنزىرىنىڭ خەرىتىسىنى چىقىرىش ۋە زىللىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىدۇر.

ئىستراتېگىيىلىك ئەقلىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالامسىز؟ كېيىنكى قېتىمدا پۈتلىكاشاڭغا دۇچ كەلگىنىڭىزنى ھېس قىلغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزدىن مۇنۇ سوئالنى سوراڭ: ھەقىقىي پىشاڭ نۇقتىسى قەيەردە؟ قايسى ئۇسۇلغا دىققەت قىلماي‌ۋاتىمەن؟ بەزىدە ئەڭ كىچىك ھەرىكەت ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشنى رويابقا چىقىرىدۇ.

**4. ھوشيارلىق: ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ساقلاڭ**

ماكياۋىللى قوغدالمىغان نەرسىنىڭ ئاستا داۋاملاشقان سەل قاراش ئارقىلىق قولدىن كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. مۇھىم مۇناسىۋەتلەر جىمجىتلىق سەۋەبلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. تىجارەتلەر ئۆزگىرىشكە بەك ئىشىنىپ كېتىش سەۋەبلىك زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. باشچىلار چوڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك سەۋەبلىك ئەمەس، دىققەتسىزلىك سەۋەبلىك مەغلۇپ بولىدۇ.

ئۆزىڭىزدىن پات-پات «قايسى نەرسەمنى قوغدىشىم كېرەك: قىممەت قاراشلىرىمنىمۇ، كىشىلىرىمنىمۇ، ۋاقتىمنىمۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇڭ. ھەقىقىي باشچىلىق — ئىزچىل رەۋىشتىكى مەجبۇرىيەتتىن ئىبارەت.

ھەممە ئىشتىن شۈبھىلىنىپ يۈرىشىڭىزگە ھاجەت يوق. ئەمما، مەۋجۇت بولۇشىڭىز كېرەك. سۆيگۈ، مەجبۇرىيەت ۋە ئىشەنچ سەگەك بولۇشنىڭ بىر شەكلىدۇر.

**5. ئۆلچەملىك نەتىجە: ئوچۇق بولۇش ۋە مۇقىم ۋەزىنگە ئىگە بولۇش**

ماكياۋىللى «ئەگەر قورقۇش بىلەن ياخشى كۆرۈش تەڭ ھالەتتە مەۋجۇت بولمىسا، باشقىلار قورقىدىغان كىشى بولۇش باشقىلار ياخشى كۆرىدىغان كىشى بولۇشتىن تېخىمۇ ياخشىدۇر» دەيدۇ. بۇ ئادەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پىكىر. ئەمما بۇ پىكىردە مۇھىم بىر ھەقىقەت يوشۇرۇنغان. ئۇ بولسىمۇ چەكنىڭ مۇھىملىقىدۇر.

ھېساب بېرەلمەيدىغان باشچىلىق يىمىرىلىدۇ. چەك بېكىتىشتىن قاچىدىغان ئاتا-ئانىلار ياخشى كۆرۈشكە كەڭ قورساقلىق بىلەن قۇچاق ئاچىدۇ. تۇتۇشۇشتىن قورقىدىغان باشقۇرغۇچىلار قول ئاستىدىكىلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بىراق، ھەقىقىي نەتىجە جازالاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، سۈپەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىش-ھەرىكەتنى كىملىكتىن ئايرىيدىغان، كۆڭۈل قويۇپ تۇرۇپ تۈزىتىدىغان باشچى بىخەتەرلىكنى بەرپا قىلىدۇ. ئىشىنىڭ مۇھىم ۋە قىيىن تەرىپىنى سۆزلەڭ. ئېنىق بىر ئۇسلۇب بېكىتىڭ. ئەمما، بۇنى قەدىر-قىممەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىڭ. ئىنسانلار ئۆزىدىن نېمىنىڭ كۈتۈلىدىغىنىنى چۈشەنگىنىدە ۋە ئۆزىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىنىدە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

**6. مەنە شەكىللەندۈرۈش**

ئىنسانلار ھەقىقەتتىن بەكراق ھېكايە-چۆچەكلەرنىڭ قورشاۋىدا ياشايدۇ. بىر ۋەقە ھەققىدە نېمىگە ئىشەنگىنىمىز — ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ.

پىلاتون سايىنى راست دەپ بىلىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ماكياۋىللىمۇ دەل مۇشۇ جەھەتتە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن:«ھەركىم قانداق كۆرۈنگىنىڭىزنى كۆرىدۇ. پەقەت ئازغىنە كىشىلەرلا ھەقىقەتتە نېمە ئىكەنلىكىڭىزنى تەجرىبە قىلىدۇ.»

بۇ يالغانلارنى توقۇپ چىقىش دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ھەقىقەتنى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھالدا ئېيتىش دېگەنلىكتۇر. گەندىنىڭ تۇز يۈرۈشى پەقەتلا سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، غۇرۇر بىلەن

مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ستىۋ جوبس (Steve Jobs) تېخنولوگىيە ئۇسكىنىسى ساتمىدى — ئىجادكارلىق ۋە ئىسيان ھەققىدە بىر ھېكايە بايان قىلدى.

سىزنىڭ ھاياتىڭىزمۇ بىر ھېكايىدىن ئىبارەت. تاللاشلىرىڭىز ئارقىلىق باشقىلارغا نېمىنى چۈشەندۈرىسىز؟ ئاۋاز تۇسىڭىز، پىلانلىرىڭىز ۋە نىيەتلىرىڭىز بىلەنچۇ؟

ئىش-ھەرىكىتىڭىز بىلەن قەدىر-قىممىتىڭىزنى باغلايدىغان باياننى تېپىپ چىقىڭ. ئىستراتېگىيىڭىزنىڭ ئىنسانلار چۈشىنەلەيدىغان تىلدا سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىڭ.

**7. پۈتۈنلەشتۈرۈش: پۈتۈنلۈك سەنئىتى**

ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ كۈچلۈك پىرىنسىپ — كېيىنكى ھەر ئىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىقتىدارىدۇر. بۈيۈك يولباشچىلار يالغۇز بىرلا كۈچ بىلەن بولدى قىلمايدۇ. ئۇلار تۈرلۈك كۈچلىرى ئارىسىدا ئۇستىلىق بىلەن بىرىپ كېلىپ تۇرىدۇ.

بۈيۈك يولباشچىلار قانداق چاغدا قەتئىي بولۇشنى، قانداق چاغدا بويۇن ئېگىشنى بىلىدۇ. قانداق چاغدا بىۋاستە ھەرىكەت قىلىشنى، قانداق چاغدا كۆزىتىشنى بىلىدۇ. قاچان ئىلھام بېرىشنى، قاچان پىرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىشنى بىلىدۇ.

بۇ پسىخولوگ روبېر كېگاننىڭ (Robert Kegan) «ئۆزىنى ئويلاندۇرىدىغان زېھىن» دېگەن ئۇقۇمىدۇر. كارل يۇڭنىڭ خۇسۇسىيلىشىش ئۇقۇمىمۇ مۇشۇ شۇ. بۈيۈك لىدېرلار ئۆز مەركىزىنى يوقىتىپ قويمىغان ھالدا زىتلىقلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك ئەمما يۇمشاقتۇر. ئۇلارنىڭ پۈتى يەرگە دەسسەپ تۇرغىنى بىلەن، كۆزىنى يىراق ئۇپۇققا تىككەن.

باشچىلىق — مۇقىم بىر قېلىپقا كىرىۋېلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، بىر پۈتۈن ھالەتكە كېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

**خاتىمە: غەرەزلىك كۈچ**

كۆچ يامان نەرسە ئەمەس. ياخشى نەرسىمۇ ئەمەس. كۆچ — ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈرۈپ كۈلمۇ قىلىۋېتەلەيدۇ، ياكى پىشۇرۇپ مەنپەئەت يارىتالايدۇ. مۇھىم بولغىنى نىيەت ۋە ئۇنى ئىشقا سالىدىغان قولدۇر.

ماكياۋىللى مۇشتۇمزورلار ئۈچۈن يازمىدى. كەلگۈسىنى كۆرەلەيدىغانلار ئۈچۈن يازدى. دۇنيادا ئەسلى قىياپىتىدە كۆرۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدىغانلار ئۈچۈن يازدى.

يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر ھەممەيلەنگە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر ئەمەس. بۇ ئالاھىدىلىكلەر جاسارەت، ئوچۇق-يورۇقلۇق ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىش تۇيغۇسىنى لازىم قىلىدۇ. بىراق، بۇلارنى ياقتۇرمايدىغانلار ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتنىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. مەنىلىك ھالدا باشچىلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىدۇ.

بۇ شەكىلدە ياشاش ئۈچۈن بىرەر ئۇنۋانغا ئېھتىياجىڭىز بولمايدۇ. ئىشنى ھازىرقى ھالىتىڭىزدىن باشلاڭ. ئۆز تاللاشلىرىڭىز، ئۆز مۇناسىۋەتلىرىڭىز ۋە دۇرۇسلۇقىڭىز بىلەن باشلاڭ.

ھەقىقىي كۈچ — ھۆكۈم قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، يۆنىلىش بەلگىلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەقىقىي كۈچ — غايىنى ھەرىكەتكە، قارشىلىقنى ئۆزگىرىشكە ئۆزگەرتىش كۈچىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ.ئالماس تەرجىمىسى



# ئۇيغۇرلاردىكى «ۋەتەن»گە بېرىش دولقۇنى ۋە خىتاينىڭ مەدەنىيەت ساياھىتى پىلانى

ئاسىيە ئۇيغۇر

## ئۇيغۇرلاردىكى «ۋەتەن»گە بېرىش دولقۇنى ۋە خىتاينىڭ مەدەنىيەت ساياھىتى پىلانى

ئاسىيە ئۇيغۇر

2025-يىل 4-ئىيۇن، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان «ساياھەت تەرەققىياتى يىغىنى»دا، «شىنجاڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت كەسىپ تۈپى تەرەققىيات يىرىك پىلانى2025-2030» ئېلان قىلىندى. مەزكۇر پىلاندا، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان «ئۈچ مەركەز، تۆت بەلۋاغ ۋە كۆپ نۇقتىلىق» مەدەنىيەت-ساياھەت سانائەت توپى قۇرۇش نىشان قىلىنغان. شۇنداقلا 2030- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەتچىلەر سانىنى 400 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشۇرۇش، شۇنداقلا بۇ ساھەدە بىر تىرلىيون يۈەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش نىشان قىلىنغان. ھالبۇكى، تىرلىيون يۈەنلىك قىممەت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان بۇ بۈيۈك پىلانىنىڭ كەينىگە، كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سىستېمىلىق بۇرمىلاش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يوشۇرۇشتەك رەزىل مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان.

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» يېقىندا ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە ۋە شۋېتسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى 18 ساياھەت شىركىتىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ»دىكى تىرلىيون يۈەنلىك ساياھەت پىلانىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلانغان. بۇ شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ساياھەت شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياۋروپالىقلارنى شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەتكە ئۇيۇشتۇرغان. ئۇلارنىڭ پروگراممىلىرىدا ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى ئاساس قىلغان جايلار ساياھەت نۇقتىلىرى قىلىنغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ جايلار ئۇيغۇرلار نوپۇسىنى ئاساس قىلىدىغان جايلار بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىش، جازا لاگېرلىرىغا قامىلىش، يوقىتىلىش، ئۆلتۈرۈلۈش قاتارلىق ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەر ئەڭ قەبىھ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان جايلاردۇر. كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدىغىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ساياھەت شىركەتلىرى ساياھەت پروگراممىسىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىش، بىرگە تاماق يېيىش قاتارلىق تۈرلەرنى

قوشقان. بۇ خىل ساياھەتچىلىك نوقۇل يوسۇندىكى چەتئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقى ئاشكارە. ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي رول ئالغان ساختا سەھنىلەر ئارقىلىق، پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ساياھەتچىلەرنىڭ كالللىسىنى يۇيۇشنى نىشان قىلغان. چۈنكى، يوچۇقسىز نازارەت ئاستىدا بارلىق ھەقلىرىدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، خىتاينىڭ ساختا سەھنىلىرىدە رول ئېلىشىنى رەت قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

خىتاي ساياھەتچىلىك ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يالغانغا چىقىرىشنىڭ بۈيۈك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقاندا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا ۋەتەنگە قايتىش ھادىسىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلىدۇر. بولۇپمۇ خىتاي مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلىسى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى ئىنكار قىلىۋاتقان ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەتكە بېرىشى كۆپىيىۋاتقانلىقى بىر پەيتتە، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ «ۋەتەنگە بېرىپ تۇغقان يوقلاش»، «ئانا ۋەتىنىگە قايتىش» ئىستەكلىرى، خىتاينى ھەقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ «كەڭ قورساق، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمىيەت مۇقىم» تەشۋىقاتىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدەك تەسىر پەيدا قىلماقتا.

لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئېنىق دېمەي تۇرالمايمىزكى، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار يىللاردىن بۇيان تۈرلۈك شەكىلدىكى قانلىق باستۇرۇشلارغا، دىنىي ئېتىقادىنىڭ چەكلىنىشلىرىگە، مەدەنىيەت ۋە كىملىكلىرىنىڭ يوقىتىلىشىغا، ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ، ئۇيغۇر كىملىكىنى ئېغىر كرىزىسقا پېتىپ قېلىشتەك قىسمەتكە دۇچ كەلدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، «ۋەتەنگە قايتىش» ئاددىي يوسۇندىكى «شەخسىي تاللاش» ئەمەس، بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يالغانغا چىقىرىش تەشۋىقاتىغا ماسلىشىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى ئورتاق تونۇشلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماستىن، خەلقئارا جەمىيەتتە ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسداشلىق ۋە ئادالەت تۈيغۇلىرىنىڭ سۇسلىشىشىغا يول ئاچىدۇ. بولۇپمۇ خەلقئارادا ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىۋاتقان خىتايدىن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ۋەتىنىگە تۇغقان يوقلىغىلى بارغانلىقى»ھەققىدىكى بىرەر كۆرۈنۈشنىڭ تارقىلىشىمۇ، كۆرگۈچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە خىتاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى ئاقلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ساياھەت نۇقتىلىرى تەبىئى مەنزىرىلەر بىلەن تارىخىي جايلارنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن بۇلار ئاساسەن خىتاينىڭ سىياسىي تەقپلەش سىياسەتلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. مىسالغا ئالساق، تۇرپاندىكى تۇيۇق يېزىسىنىڭ تۇيۇق كەنتىگە خىتاي قىرىق مىليوندىن

ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، 83 ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئۆيىنى ساياھەت كەسپى ئۈچۈن پەرقلىق شەكىلدە قايتا ياساپ چىققان. ئاندىن تۇيۇق كەنتىدىكى بۇ ئائىلىلەر «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان نورمال ھاياتىنى نامايەن قىلىدىغان قەدىمىي كەنت»سۈپىتىدە ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن. ھالبۇكى، تۇيۇق يېزىسىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۆتكەن نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر بويىچە مەھەللىلىشىپ ياشاش مۇھىتى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلانغانىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە ئۆي ـ ماكانلىرىدىن كۆچۈرۈلۈپ، خىتايلار بىلەن ئارىلاش شەكىلدە ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇپراقلىرى ئومۇميۈزلۈك تارتىۋېلىنىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىغا كۆتۈرە بېرىلگەن. ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامىدا ياقا يۇرتلارغا كۆچۈرۈلگەن. دەرۋەقە، خىتاي تەرىپىدىن تۇيۇق كەنتىدە زور مەبلەغ بىلەن قايتا ياساپ چىقىلغان ئۇيغۇر كەنتى، ئۇيغۇر مەھەللىسى ۋە ئۇيغۇر ئۆيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقى ئەمەس. ئەكسىچە، خىتاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئوينىغان سىياسىي ئويۇنلىرىنىڭ بىر پارچىسى خالاس.

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ بۇ ھەقتىكى دوكلاتىدا خەلقئارادىكى ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ بۇ خىل سەھنە ئويۇنلىرىدا ئارتىسلىق قىلىشقا رازى بولۇشىنى چۈشىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى تىلغا ئېلىنغان. بىر مىللەتكە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بىر دۆلەت بىلەن ساياھەتچىلىكتە ھەمكارلىشىش ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۇيغۇن كەلمىگەن بىر قىلمىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ شىركەتلەرنىڭ ئىناۋىتىگە ئېغىر داغ چۈشۈرىدىغان قىلمىشتۇر. مەزكۇر دوكلاتتا دېيىلىشىچە، خىتاي بىلەن ساياھەتچىلىكتە ھەمكارلىشىۋاتقان خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاران ئىككى شىركەتلا شەرقىي تۈركىستانغا بارىدىغان ساياھەت پروگراممىسىنى توختاتقان. دېمەك، خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ بۇ خىل تاللاش خاراكتېرلىك سۈكۈت قىلىشى، خىتاينىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامىدا، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يوشۇرۇشىغا ياردەم قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا تىرلىيون يۈەنلىك ساياھەت كەسپى تۈپى قۇرۇشنىڭ پىلانىنى سوقۇۋاتقاندا، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئىنسانلىققا قىلىنىۋاتقان ئېغىر ھاقارەت ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانىيلىق بولمىغان يەردە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش بولمايدۇ، بەلكى قانخورلۇق ۋە ساختىپەزلىكلا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ياۋروپادىكى خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان ساياھەت شىركەتلىرى ئەخلاقىي نوقتىدىن كەسكىن بىر قارار بېرىشى زۆرۈر. شۇنداق بولۇپلا قالماي، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارمۇ «تۇغقان يوقلاش، ۋەتەننى سېغىنىش....»قاتارلىق تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن خىتايغا بېرىش يولىنى تاللىغاندا، بۇ تاللاشنىڭ رېئاللىقتا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى

يوشۇرۇش پىلانىغا قوشۇلۇش ۋە خىتاينىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلىنىش بولىدىغانلىقى ئېنىقتىن چىقارماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان يول خېتى ئەمەس. بەلكى ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدىمۇ تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرلەش ۋە قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك ئىرادىسىگە ئىگە كىشىلەرلا ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان قىممەتلىك بايلىقتۇر.



# خىتاينىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى: ئامېرىكادىكى مەخپىي ئۇرۇش

نۇرا ئودونىل

# خىتاينىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى: ئامېرىكادىكى مەخپىي ئۇرۇش

نۇرا ئودونېل

ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى دوكلاتلىرىغا بىنائەن، خىتاي كۆنىمىزدە ئامېرىكاغا نىسبەتەن «ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ قەتئىي تور تەھدىتى» ھالىتىدىدۇر. خىتاي خاككېرلىرى ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئورگانلىرىغا سىڭىپ كىرىش بىلەنلا قالماي، خۇسۇسىي ساھەلەرگە ۋە مۇھىم ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغىمۇ تۇمشۇقىنى تىققان بولۇپ، خىتاي خاككېرلىرى ئامېرىكانىڭ سۇ تۇرۇبىلىرىدىن ئېنېرگىيە لېنىيىلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەن. يۇقىرىقىلار پەقەت مەسىلىنىڭ رەقەملىك قىسمىنىلا ئىپادە قىلىدۇ خالاس. خىتاي ئەنئەنىۋىي ئىنسان ئىستىخباراتىنى ھەر قانداق ئەھۋالدا تەرك ئەتكەن ئەمەس. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتاي تېررىتورىيىسى سىرتىدا ئىنتايىن كەڭرى ئىستىخبارات تورى قۇرۇپ، دۇنيا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشنى، شۇنداقلا ئامېرىكادا ياشايدىغان خىتاي مۇخالىپلارنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى داۋام قىلماقتا.

ئامېرىكالىق سابىق دىپلومات جىم لېۋىس (Jim Lewis) خىتاينىڭ جاسۇسلۇق تىركىشىشىنى مۇنۇ جۈملىگە يىغىنچاقلىغان: «خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى دائىرىسى، سەۋىيەسى ۋە جۈرئەتكارلىقى جەھەتتىن ئامېرىكاغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ كۈچلۈك جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.»

لېۋىس ئوتتۇز يىلدىن ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى خىتاي ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بايانىچە، 2012 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان شى جىنپىڭ خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇردى. ئىلگىرى ئامېرىكانىڭ قارشى ئىنكاسىدىن ئەنسىرەيدىغان خىتاي ئەمدىلىكتە تېخىمۇ پەرۋاسىز ھالدا، ئامېرىكادىن قىلچە قورقماستىن جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى داۋام قىلماقتا.

## شى جىنپىڭنىڭ خەلقئارالىق پىلانى

لېۋىسنىڭ بايانىچە، شى جىن پىڭنىڭ نىشانى تولىمۇ ئېنىق. (شى جىن پىڭنىڭ نىشانى) دۇنيا مەركىزىدىن ئورۇن ئېلىش. غەربنى، بولۇپمۇ ئامېرىكانى ئاجىز، قالايمىقان ۋە ئىككىلىنىش ھالىتىدە كۆرگەن شى، بۇ خىل ھالەتتە خىتاينىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ئىستىخبارات تەشكىلاتى بولغان دۆلەت بىخەتەرلىك كومېتىتى كۆنىمىزدە دۇنيادىكى ئەڭ ئاكتىپ جاسۇسلۇق تەشكىلاتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كومېتىت CIA غا ئوخشىتىلىسىمۇ، لېكىن CIA دىنمۇ كەڭ تەسىرگە ئىگە. تەخمىنلەرگە بىنائەن، خىتاينىڭ بۇ جاساسۇلۇق ئورگىنىنىڭ 600 مىڭ خادىمى بار بولۇپ، بۇ ئورگاننىڭ ئەڭ چوڭ نىشانلىرىدىن بىرى ئامېرىكا.

لېۋىسنىڭ قارىشىچە، خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك كومېتىتىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق نىشانى ئامېرىكا ئەمەس، خىتاي خەلقىدۇر. شى سوۋېتنىڭ قانداق چۆككەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوۋېتتەك ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇ سەۋەبلىك شى رەھبەرلىكىدىكى خىتاي دۆلىتى بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەلدىكى خىتاي پۇقرالىرىنى كۈچلۈك رەۋىشتە كۆزىتىپ تۇرۇۋشقا تىرىشماقتا.

**نيۇيوركنىڭ كىندىكىدىكى خىتاي ساقچى ئىدارىسى**

خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ ھەيران قالارلىقىدىن بىرى 2022-يىلى ئوتتۇرىغا چىقتى. مانخاتاننىڭ چايناتوۋن مەھەللىسىدە بىر تىجارەت مەركىزىنىڭ ئىچىدە مەخپىي پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان خىتاي ساقچى ئىدارىسى بارلىقى مەلۇم بولدى.

خىتاينىڭ بۇ مەخپىي ساقچى ئىدارىسى قارىماققا پاسپورت ۋە پراۋا يېڭىلاش خىزمىتىنى قىلىدىغان ئىش بېجىرىش ئورنىدەك كۆرۈنسىمۇ، FBI نىڭ بايقاشلىرىغا بىنائەن بۇ مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى خىتاي ياكى خىتاي پۇقرالىقىدىكى كومپارتىيەگە قارشى كىشىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارغا قول سوزۇۋشتۇر. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ سوراققا تارتىلىشىدىن كېيىن خىتاينىڭ بۇ مەخپىي ساقچى ئىدارىسى تاقىۋېتىلدى. بۇ تىجارەت ئورنىنى ئاچقان ئىككى خىتاي ئەسلىلىك ئامېرىكا پۇقراسى «چەتئەللىك جاسۇس سۈپىتىدە قانۇنسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىش» جىنايىتى بىلەن سوتقا تارتىلدى.

لېۋىس مۇنداق دەيدۇ: «باشقا دۆلەتنىڭ تۇپرىقىدا ساقچى ئىدارىسى ئېچىش ئۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئوچۇقتىن ئوچۇق ھۆرمەتسىزلىق قىلغانلىقتۇر.»

ئامېرىكا ئادالەت مىنىستىرلىقى يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە 140 تىن كۆپ كىشىگە خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش، تور ھۇجۇمى قوزغاش ۋە تەھدىت سېلىش قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك 140 تىن كۆپ كىشىگە داۋا ئاچتى.

**ۋالىينىڭ مەسلىھەتچىسى — خىتاي جاسۇسى**

ئامېرىكا ئادالەت مىنىستىرلىقى ئاچقان داۋالار ئىچىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىق داۋالاردىن بىرى — نيۇيورك ۋالىيسى كەسىي ھوچۇلنىڭ (Kathy Hochul) سابىق مەسلىھەتچىسى لىندا سۈن بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نيۇيورك تەپتىشلىرىنىڭ بايانىچە، لىندا سۈن خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مىليونلارچە دوللار ئېلىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كەسىي ھوچۇلنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. لىندا سۈن ۋە ئۇنىڭ يولدىشى بۇ خىل ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مىليون دوللارلىق ئۆيى ۋە ئالىي ھايات كەچۈرۈشى ئۇلارغا بولغان شۈبھىنى ئاشۇرۇۋەتكەن.

يەنە بىر جاسۇسلۇق دېلوسىنىڭ باش قەھرىمانى، 76 ياشلىق شۇجۇن ۋاڭ ئىسىملىك تارىخچى بولۇپ، ئۇ 1994-يىلى ئامېرىكاغا كەلگەن. نيۇيوركتىكى خىتاي مۇخالىپلىرى ئارىسىدا ئېتىبار قازانغان. دېموكراتىيە ھەرىكەتلىرىدە ۋەزىپە ئالغان، يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرغان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ۋاڭنىڭ بىر مەخپىي كىملىكى بار. ئۇ 17 يىلدىن ئېتىبارەن خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن. ئامېرىكادىكى دېموكراتچى خىتايلارنىڭ ئىسمى، ئۇچۇرلىرى ۋە پاراڭ-سۆھبەتلىرىنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن.

2019-يىلى خىتايدىن قايتاشىدا، چامادانىدىن 60 تىن كۆپ خىتاي مۇخالىپىنىڭ ئۇچۇرى چىققان. FBI نىڭ سوراقىغا تارتىشىدىن كېيىن، شۇجۇن ۋاڭغا «چەتئەللىك جاسۇس سۈپىتىدە قانۇنسىز پائالىيەت كۆرسىتىش» ۋە «يالغان مەلۇمات بېرىش» قاتارلىق جىنايەتلىرى سەۋەبلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن بولسىمۇ، قېرىپ كەتكەنلىكى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاشقانلىقى سەۋەبلىك تۈرمىگە قامالماستىن، ئۈچ يىل كۆزىتىش ئاستىدا ياشاشقا ھۆكۈم قىلىنغان.

**دېموكرات ئاكتىۋىستلار نىشاندا**

ۋاڭ ئۇچۇرنى يىغقان كىشىلەردىن بىرى بىئولوگىيە پروفسورى ئانىنا يۈن چۇڭ بولۇپ، يۈن چۇڭ ئامېرىكادا خوڭكوڭ دېموكراتىيە ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەن. ۋاڭغا ئېچىلغا داۋادا ئۇ مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن:

«خوڭكوڭلۇق دېموكراتلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ بېيجىڭغا يېتىپ بارغىنىنى بىلگىنىمدىن ئېتىبارەن، كېچىلىرى ئىشىكىمنىڭ زەنجىرىنى قۇلۇپلاشنى ھېچبىر زامان ئۇنۇتمىدىم. چۈنكى، بېشىڭىزغا نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيسىز.»

نۆۋەتتە ئامېرىكادا ياشاۋاتقان خوڭكوڭلۇق ئاكتىسىۋىست ئانىنا كۇوكمۇ ئوخشاش خەتەرگە دۇچ كەلگەن. خوڭكوڭ دائىرىلىرى كۇوكنى پاش قىلغۇچىغا 130 مىڭ دوللار سوْيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. كۇوكنىڭ سوسيال مېدىيا ھېسابلىرىغا پات-پات «تۇتقۇن قىلىنىپ خىتاي ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىسەن» مەزمۇنىدا ئۇچۇرلار كېلىپ تۇرغان. كۇوكنىڭ ئائىلىسى خوڭكوڭدا تۇتقۇن قىلىنغان.

كۇوك بېشىغا كەلگەن بېسىم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«خىتاي تېررىتورىيىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇلارنىڭ سىزنى تىڭ تىڭلاپ تۇرۇشىدىن خالىي بولالمايسىز.»

**جېيمس بوند ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ خەتەرلىك**

جىم لېۋىس، ۋاڭغا ئوخشاش قېرىپ كەتكەن بىر تارىخچى «جاسۇس» بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق، ئىشنىڭ ئەندىشىلىك تەرىپى شۇكى، خىتاي ئادەتتىكى ئىنسانلارنىمۇ يىللارچە جاسۇس سۈپىتىدە ئىشقا سالالايدۇ. لېۋىسنىڭ قارىشىچە، قېرى تارىخچى ۋاڭ خىتاي بىخەتەرلىك كومېتىتىغا نىسبەتەن يەم بولۇپ كەتسە بولىۋېرىدىغان بىر يەمچۈكتىن ئىبارەت. ۋاڭنىڭ تۇتۇلۇشى، قوغدىلىش ئاستىدىكى باشقا جاسۇسلارنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

خىتاينىڭ ئىشقا سالىدىغىنى ھەرگىزمۇ جېيمس بوندتەك كىشىلەر ئەمەس. مەسىلىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. خىتاي دىققەت تارتمايدىغان، جىمجىت، ئادەتتىكى كىشىلەرنى ئۇزۇن مۇددەتلىك جاسۇسلۇق ئۈچۈن ئىشقا سېلىشقا بەك ئۇستا.

**نەتىجە: تۈگىمەس تىنچ ـ تىڭلاش**

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى جاسۇسلۇق ئۇرۇش يېڭى ئىش ئەمەس. بىراق، خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قارشى جاسۇسلۇق ئۇرۇشىنىڭ شى دەۋرىدە كەلگەن سەۋىيەسى ھەم ۋاشىڭتوننى، ھەم دۇنيانىڭ باشقا پايتەختلىرىنى جىددىي ھالەتكە ئۆتكۈزدى.

خىتاي بىر تەرەپتىن تور ھۇجۇملىرى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى نىشانغا ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەلدىكى خىتايلارنى ياكى خىتايغا ئالاقىدار كىشىلەرنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەخپىي جاسۇسلارنى ئىشقا سالدى. خىتاينىڭ بۇ ئىستراتېگىيىسىدىكى مەقسىتى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيىتىنى ھەم خىتاي تېررىتورىيىسى ئىچىدە، ھەم چەتئەللەردە كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر.

نيۇيوركنىڭ كىنىدىكىدە مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئېچىلىشى، بىر تارىخچىنىڭ 20 يىلغا يېقىن جاسۇسلۇق قىلىشى، خىتايغا قارشى ئاكتىۋىستلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ چامادانلاردا توشۇلۇشى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئامېرىكالىق كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى شۇكى: تور ھۇجۇمىنىڭ قانچىلىك كۈچىيىشىدىن قەتئىينەزەر، نەق مەيداندىكى «ئىنسان ئىستىخباراتى» ھېچبىر زامان ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. خىتاي بۇ جەھەتتە «ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ توختاۋسىز تەھدىت» بولۇشقا داۋام قىلىدۇ.

**ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى**

https://www.cbsnews.com/news/what-chinas-spies-do-in-the-us-what-happens-when-theyre-caught-60-minutes-transcript/



# ئىران-ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلار

مەمەت ئمن دوختۇر

# ئىران ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلار

مەمەت ئىمىن دوختۇر

ئىسرائىلىيە ئىراننىڭ يادرو قورالغا ئىگە بولۇشى ياكى ئاتوم بومبا ياسىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىراندا ھاكىمىيەت ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە 2025 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇيۇقسىز ئىرانغا ھۇجۇم باشلىغان. گەرچە، ئىسرائىلىيەنىڭ ئىرانغا قىلغان ھۇجۇمى ئامېرىكانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيە ـ ئىران ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قاتنىشىش قاتناشماسلىق مەسىلىسىدە، ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ئىككىگە بولۇنگەن. بىر قىسىم سىياسەتچىلەر ئامېرىكانىڭ ئىران ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىشىغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئىراننىڭ يادرو قورالى ياساش ئېھتىماللىقىنى تامامەن يوق قىلىش تەرەپتارى بولسا، يەنە بىر قىسىم سىياسەتچىلەر ئامېرىكانىڭ ئىران ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قاتنىششى ئامېرىكانىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكانىڭ بۇ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىششىغا قارشى تۇرماقتا. ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ ئامېرىكانىڭ ئىرانغا قارشى ھۇجۇمى پەقەتلا ھاۋا ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى، قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئەسكەر كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.

ئۇنداقتا بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەسىرى بولامدۇ؟ ئەگەر تەسىرى بولسا قانداق تەسىرى بولىدۇ؟ ئامېرىكا ئىران ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىغا بىۋاسىتا قاتناشسا قانداق ئاقىۋەت قىلىپ چىقىشى مۇمكىن؟

ئىسرائىلىيە ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىقتىسادى، ئىستراتېگىيىلىك ۋە ھەربىي تەرەپلەردىكى ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداش دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا ئۇيغۇر ئىرقى قىرغىنچىلىقىغا قارشى ئۇيغۇرلارنى ئەڭ كۈچلۈك قوللاۋاتقان دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ. ئىسرائىلىيە ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن ئاساسەن بىر سەپتە. ئىران گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن تارىختىن بۇيان مەدەنىي ۋە مەنىۋىي

ئالاقىسى كۈچلۈك بولغان دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان، خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى. ئىران خىتاينىڭ بىر يول، بىر بەلۋاغ پروجەكتىدە موھىم رول ئوينايدىغان ۋە خىتاينىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنېرگىيە تەمىنلەيدىغان موھىم دۆلەت. ئىسرائىلىيەنىڭ مەقسىتى ئامېرىكانىڭ كۈچىگە تايىنىپ پەلەستىن مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، پەقەت ئوتتۇرا شەرقتە رايونلۇق دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىش. خىتاينىڭ مەقسىتى كەلگۈسىدە ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى بىردىن بىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىش بولغاچقا، ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئاساسلىق نىشان ئىسرائىلىيە ئەمەس بەلكى خىتاي.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغاندا، گەرچە ئامېرىكا ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ۋەيران قىلسا، خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى موھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە ئىتتىپاقدىشى ئاجىزلاپ ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق ۋەزىيەت مەيدانغا كېلىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇش ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، دۇنيادىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەپ بولۇشى، شۇ سەۋەپتىن ئامېرىكانىڭ ئىران-ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىغا بىۋاستە قاتنىششى ئۇزۇن مۇددەتلىك نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارغا زىيان ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئانالىز يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، ئىسرائىلىيە، ئىران ۋە ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى پاكىتلارنى كۆرۈپ چىقايلى.

ئامېرىكادىكى ئىسرائىلىيە لوبىسى كۆپلىگەن شەخس ۋە گۇرۇپپىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. بۇ لوبى ئىسرائىلىيەنى قوللايدىغان داڭلىق لوبىچىلىق گۇرۇپپىسى ئامېرىكا ئىسرائىلىيە ئاممىۋى ئىشلار كومىتېتى (AIPAC)، يەنى «ئايپەك» كە ئوخشاش تەشكىلاتلارنى، شۇنداقلا باشقا ھەر خىل يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىلەر ئامېرىكانىڭ ئاخىرقى ئوتتۇز يىللىق تاشقى سىياسىتىنى بۇ لوبىچىلىق گۇرۇپپىسى بەلگىلەپ كەلدى ياكى ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى دەپ قارىماقتا.

چىكاگو ئۇنىۋېرسىتىتى سىياسىي پەنلەر فاكۇلتېتىدىكى جون ج. مېرسخايمېر (John J. Mearsheimer) ۋە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتىتى كېنىدى ھۆكۈمەت مەكتىپىدىكى ستېفېن م. ۋالت (Stephen M. Walt) قاتارلىق ئىككى پروفېسور ئېلان قىلغان « ئىسرائىلىيە لوبىسى ۋە ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتى» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىدە ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىنىڭ ئىسرائىلىيە

بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئاپتورلارنىڭ قارىشىچە، گەرچە بۇ كۆرۈنۈشتە دائىم ئورتاق ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيەگە بەرگەن ۋەدىسى ئاساسلىقى «ئىسرائىلىيە لوبىسى» نىڭ پائالىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان ئىكەن.

داڭلىق تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى تاككېر كارلسون (Tucker Carlson) يېقىندا تېكساس شتاتىنىڭ سېناتورى تېد كۇرۇز (Ted Cruz) بىلەن ئېلىپ بارغان تېلېۋىزىيە سۆھبىتىدە، تېد كۇرۇز ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ 13 يىل ئىلگىرى ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن سېناتور بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئاساسلىق سەۋەب بولغان ئىراننىڭ يادرو قورال ياكى ئاتوم بومبىسى مەسىلىسىدە، ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى نېتانىياخۇ يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئىراننىڭ يادرو قورال ياكى ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشقا ئاز قالغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئىگەللىگەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ يېقىن كەلگۈسىدە يادرو قورال ياكى ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇش ئېھتىمالى يوق ئىكەن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلىيەنىڭ ئىراننىڭ يادرو قورالغا ئىگە بولۇشى ياكى ئاتوم بومبىسىنى باھانە قىلىپ ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ خەلقئارا قانۇنلارغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى بولۇپ، بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكانىڭ ئىران-ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىغا بىۋاستە قاتنىشىشىنىڭ كۆپلىگەن يامان ئاقىۋەتلىرىگە، ھەتتا 3 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۇ يامان تەسىرلەرنىڭ بەزىلىرى دەرھال ئىپادىلەنسە، يەنە بەزىلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ئاستا كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بەزىلەر ئامېرىكا ئىراننى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى كۈچى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئاجىزلىتىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمما خىتايغا نىسبەتەن ئىراننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بەك مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇشتا ئادالەتنى قوغدىغۇچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئامېرىكا، ئىسرائىلىيەنى ئەيىبلەپ، ئىران ۋە پەلەستىننى قوللاش ئارقىلىق، دۇنيادا ياخشى ئوبراز يارىتىش. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا ئۆتكەن 30 يىل جەريانىدا دىققىتىنى ئوتتۇرا شەرققە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتقان بولۇپ، بۇ 30 يىل دەل خىتاينىڭ ئەڭ تېز تەرەققى قىلغان دەۋرى. ئەگەر بۇ قېتىم ئامېرىكا ئىران-ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىغا ئومۇمىيۈزلۈك كىرىپ، ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالسا، بۇ خىتاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولىدۇ.

بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بىلەن ۋاستىلىق مۇناسىۋەتلىك ياكى كەلگۈسىدە بىزگە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدىغان موھىم بىر ئامىل ئامېرىكانىڭ تەسىر كۈچى ۋە ئوبرازى بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيادىكى ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچى كىشىلەرنىڭ ئامېرىكانىڭ ئادالەتكە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلىشى، ئامېرىكانىڭ يۇمشاق كۈچى ۋە دۇنيادىكى تەسىرى ئاجىزلىشى، نەتىجىدە تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر خىتايغا يېقىنلىششى ۋە خىتاينىڭ دۇنيا ئادالىتىنى قوغدىغۇچى كۈچ قاتارىدا يەنە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرلىشىگە پۇرسەت يارىتىلىشى مۇمكىن. بۇ ئۇيغۇر داۋاسىغا كۈچلۈك سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئەھۋال بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر خىتاينىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ياكى خىتاي بىلەن بولغان تىجارىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،خىتاينى قوللىشى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆز يۇمۇشى مۇمكىن.



# تۆت شىركەتنىڭ ئورتاق قۇرغۇچىسى پروفىسور: بىر تىجارەتنى باشلاش ئۈچۈن سۈنئىي ئەقىلدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

توم خادلىستون

# تۆت شىركەتنىڭ ئورتاق قۇرغۇچىسى پروفېسسور: بىر تىجارەتنى باشلاش ئۈچۈن سۈنئىي ئەقىلدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

توم خادلىستون

سىز يېڭى بىر سودىنى باشلاشنى ئويلاۋاتقان بولسىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا پىكىر-مەسلىھەتكە ئېھتىياجىڭىز بولسا، قىلىدىغان تۇنجى ئىشىڭىز ChatGPT قاتارلىق سۈنئىي ئەقىلگە مۇراجىئەت قىلىش بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىسى كارخانىچىلىق توغرىسىدا تۆت پارچە كىتاب يازغان ستىۋ بلەنكنىڭ (Steve Blank) تەشەببۇسى. ستىۋ بلەنك يىگىرمە يىل ئىلگىرى پېنسىيەگە چىققان پروفېسسور بولۇپ، ئۇ پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئوخشىمىغان سەككىز تېخنولوگىيە شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەمچى بولغان بولۇپ، بۇ شىركەتلەرنىڭ تۆتىنى باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى شېرىكلىشىپ قۇرغان پروگرامما يېزىش شىركىتى «Epiphany»نى «SSA Global Technologies» شىركىتىگە 329 مىليون دوللارغا ساتقان.

بلەنك نۆۋەتتە ستانفۇرد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوتسېنت بولۇپ ئىشلىمەكتە ۋە دەرس بەرمەكتە. بلەنك يىللاردىن بېرى ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ئۆزى مەسلىھەت بېرىۋاتقان كارخانىچىلارغا ئۆزىدىن مەسئۇلات سېتىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان مۇشتەرىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ ئېستەكلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە مۇمكىنچىلىك ئاستىدىكى ئىشلارنى بۇنىڭغا يارىشا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سىنىپ ياكى ئىشخانىنىڭ سىرتىغا چىقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ستىۋ بلەنك ئەمدىلىكتە بولسا، سۈنئىي

ئەقىلنىڭ يېڭىلىق يارىتالايدىغان تېخنولوگىيىسىنىڭ بۇ جەريانىنى تېخىمۇ ئۈنۈمدار ھالغا كېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

«سۈنئىي ئەقىل سىز قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشتا كۈچىكىڭىزگە كۈچ قاتىدىغان قورالدۇر» دەيدۇ ستىۋ بلەنك.

«سۈنئىي ئەقىل سىرتتا قەيەرگە بېرىشىڭىز كېرەكلىكىنى بەلكىم باشقا ھەر قانداق ۋاستىدىن بەكراق تېز سۈرئەتتە تېپىشىڭىزغا ياردەمچى بولالايدۇ. بىر تىجارەتنى باشلاش ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان بولسىڭىز، ChatGPT دېگەندەك بىرەر سۈنئىي ئەقىلدىن ‹مۇنداق پىكرىم بار، بۇنى بىرەرسى قىلىپ باقتىمۇ، قىلغان بولسا بۇ پىكىر نېمىشقا كېرەككە كەلمىدى، بۇ تىجارەتنى قەيەردە قىلسام ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟› دېگەندەك سوئاللارنى سورىسىڭىز بولىدۇ.

بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىن كېيىن بۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىشقا قەدەم ئېلىشىڭىز بىلەن بىرگە، بەزى سۈنئىي ئەقىل سۆھبەت ماشىنا ئادەملىرى سىز ئۈچۈن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە تىجارەت پىلانى يېزىپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، سۈئىي ئەقىلگىمۇ مۇراجىئەت قىلىشىڭىز ئاقىلانىلىكتۇر. بلەنك ChatGPT قاتارلىق سۈنئىي ئەقىل سۆھبەت ماشىنا ئادەملىرىنىڭ سىزنى سەييارە ئىشلەيدىغان سودا مەسلىھەتچىسىگە ھاجەتمەن بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلىقىنى، سىزگە مىڭلارچە دوللار ئىقتىسادنى تېجەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بلەنك مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتمۈشتە سىزگە سودا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن سىزدىن ئون مىڭ دوللار تەلەپ قىلىدىغان سودا مەسلىھەتچىسى مانا بۈگۈن كونۇپكا تاختىڭىزدىلا سىزگە ھەقسىز خىزمەت قىلىشقا تەييار.»

سۈنئىي ئەقىلنىڭ قۇسۇردىن خالىي ئەمەسلىكىنى قەيت قىلغان بلەنك مۇنداق دەيدۇ: «سۈنئىي ئەقىلنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى ئون پىرسەنتتىن ئەللىك پىرسەنتكىچە سەپسەتىدىن خالىي ئەمەس. جاۋابلاردا خاتا بولۇش ئېھتىمالى دائىم مەۋجۇت. سىز قايسى جاۋابىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسىز.»

BBC نىڭ يېقىندا ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقاتىدا، سۈنئىي ئەقىلنىڭ خەۋەرلەرگە ئالاقىدار سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىنىڭ تەڭ يېرىمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بلەنكنىڭ قارىشىچە، گەرچە بېرىلگەن جاۋابلار مۇكەممەل بولمىسىمۇ، لېكىن بىر تىجارەتنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن سۈنئىي ئەقىلنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى بەكمۇ

قىممەتلىك ۋە پايدىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سۈنئىي ئەقىلدىن ئۇچۇر ئىگىلەيدىغان كىشىنى «پات-پات تېتىقسىز جۆيلۈپ قويىدىغان، ئەمما ئىنتايىن ئەقىللىق بىر دوستى بار كىشىگە ئوخشايدۇ» دەپ سۈپەتلەيدۇ. سۈنئىي ئەقىلنىڭ ھەممىلا تەۋسىيەلىرى مۇكەممەل بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئۇ سىزگە ئۆزىڭىز ھەر قانچە قىلسىڭىزمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنى تەۋسىيە قىلالايدۇ.

بلەنك مۇنداق دەيدۇ: «سۈنئىي ئەقىل سىزگە سۇنغان ھەممىلا نەرسىنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلسىڭىز، ھاڭدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سۈنئىي ئەقىلدىن سورالغان ئىش ئىلگىرى سىز قىلىپ باقمىغان، ھېچقانداق چۈشەنچىڭىز ياكى تەجرىبىڭىز بولمىغان بىر ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سىزگە قالتىس پىكىرلەرنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.»

بلەنك سۈنئىي ئەقىلدىن بىر نەچچە ئاددىي سوئاللارنى سورىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەسىلەن، «X شىركىتىنى قۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمەن. ماڭا بىر تىجارەت مودېلى تەۋسىيە قىل!»، «تۇنجى خېرىدارىم كىملەر بولۇشى كېرەك؟»، «قايسى ئىشقا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىشىم لازىم؟» ... دېگەندەك ئاددىي سوئاللار.

سۈنئىي ئەقىل فىزىكىلىق شەكىلدىكى بازار ئەھۋالىنى كۆزىتىشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئىشنى يېڭىدىن باشلىماقچى بولغان كىشى سۈنئىي ئەقىلدىن پايدىلانسا بولىدۇ. بلەنك سۈنئىي ئەقىلنىڭ ھەرگىزمۇ پىلانلىغۇچى كىشىنىڭ سىرتقا چىقىپ فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سىز مەيلى قايسى تىجارەتنى قىلىڭ، ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشىڭىزگە قەتئىي بولمايدىغان ئىككى سوئال مەۋجۇت، سىزگە بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى لازىم. سوئال شۇكى (1) «مېنىڭ خېرىدارلىرىم كىملەر؟» (2) «ئۇلارنىڭ ھاجىتى نېمە؟»

بلەنكنىڭ قارىشىچە، بىر سودا پىكىرىگە بىنائەن ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى يۇقىرىقى ئىككى سوئالغا جاۋاب تېپىش بەك مۇھىم، چۈنكى بۇ سوئاللار بىر تىجارەتنىڭ ئاساسىنى ۋە كۈچىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سوئالنى قويماسلىق يېڭى بىر شىركەتنى ئۇ تېخى پائالىيەتكە ئۆتمەستىنلا ۋەيران قىلىۋېتىدىغان چوڭ خاتالىقتۇر.

بلەنك يەنە تىجارەت باشلاش ئويى بار تۇرۇقلۇق سۈنئىي ئەقىلدىن پايدىلىنىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مۇئەييەن سەلبىي ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بلەنك مۇنداق دەيدۇ: «قولىدا سۇنئىي ئەقىل بولغان بىرى بىلەن رىقابەتلىشىشنى خالىمايسىز. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە مەسلىھەت بېرىۋاتقان يىگىرمە كىشلىك مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەقلى بويىچە ئىش قىلىۋاتقان كىشىدەك ئىش يۈرگۈزىدۇ.»

سۇنئىي ئەقىل بىر تىجارەت پىكىرىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى سىناق قىلىش بىلەن بىرگە، گاڭگىراپ قالغان تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە مەبلەغ سالغۇچى ئىزدەش، ئىدارى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ۋە تور بەت لاھىيلەش قاتارلىق تەرەپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ.

بلەنك يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز سۇنئىي ئەقىلنى بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى خالىمىسىڭىز، بۇنىڭدا ھېچگە يوق. چۈنكى، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى خالىماسلىقىڭىزنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.cnbc.com/2025/03/17/stanford-professor-steve-blank-how-to-use-ai-to-start-a-business.html



مىسلىسىز ئويغىنىش

# خىتايدا خىرىستىيان ئۇيغۇر بولۇشنىڭ بەدىلى

جونى خىمل

# خىتايدا خىرىستىيان ئۇيغۇر بولۇشنىڭ بەدىلى

جونى خىمل

خىتاي خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، خىرىستىيان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ئۆزى يالغۇز يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولدى. خىرىستىيان ئۇيغۇرلارغا كېلىدىغان تەھدىتلەر كۆنىمىزدە ھەم خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن، ھەم ئۆز جەمئىيىتىدىن كېلىدۇ.

2017-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ خىتاي جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ۋە دوكلاتلار بىلەن دۇنيا تەۋرەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقئاراغا تەسىر كۆرسىتىدىغان خەۋەرلەر بارا-بارا ئازلاپ كەتتى. خوش، ئۇنداقتا كۆنىمىزدە نېمە ئىشلار بولماقتا؟

خەلقئارانىڭ بېسىمى يۈزىسىدىن خىتاي بىر قىسىم جازا لاگېرلىرىنى تاقىدى. ئەمما، بىر قىسىم جازا لاگېرلىرى تېخىچە پائالىيەت كۆرسەتمەكتە.

«Voice of the Martyrs Canada» دىن بوب فۇ «بىر دوكلاتقا كۆرە كامپلاردا تېخىچە ئون ئالتە مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار» دېدى.

جازا لاگېرلىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى «كەسىپىي تەربىيىلەش مەركىزى» بولسىمۇ، بۇنىڭ ھەقىقىتى كىشىنى ئېچىندۇرغۇدەك دەرىجىدە. كامپقا سولانغانلار مەجبۇرىي ھالدا خىتايلاشتۇرۇلىدۇ، ئېتىقادىدىن يېنىشى ۋە كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە ئۇيغۇر تىلى خىتايلاشتۇرۇلۇش ئۈچۈن بېسىم ئاستىدا. تۈرمە ۋە لاگېرلارغا سولانغانلار مەجبۇرىي

ئەمگەككە سېلىنماقتا. سولانغانلار ئىچىدە ئۆيىدە ئىنجىل ساقلىغانلىق قاتارلىق «جىنايەت»لەرنى ئۆتكۈزگەنلەرمۇ بار.

**ئۇيغۇر خىرىستىيانلارغا قارىتىلغان زۇلۇم**

ئۇيغۇر خىرىستىيانلار ئەسلىدىنلا زۇلۇم ئاستىدىكى بىر مىللەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چەتئەللىك خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق خىرىستىيان بولغان. بۇ خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلار پەقەتلا بۇ دىن ھەققىدە خۇش خەۋەرلەر بېرىش بىلەنلا قالماستىن، يەرلىك ئىقتىسادقا ياردەمچى بولدى، مەدەنىيلەشكەن ئىبادەت ناخشىلىرى ئىجاد قىلدى ۋە تۇرلۇك ئىنجىل كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلدى.

بوب فۇ مۇنداق دەيدۇ:«بۇ دىن تارقاتقۇچىلار دىنىي خۇش خەۋەر بېرىش بىلەنلا قالماي، يەرلىك خەلقكىمۇ ياردەم قىلدى. يوقسۇللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.»

ئاقىۋەتتە بۇ دىن تارقاتقۇچىلار خىتاي تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، خىرستىيان ئۇيغۇرلار قوش زۇلۇمغا دۇچ كەلدى.

بىرىنچى زۇلۇم كومپارتىيەدىن كەلگەن زۇلۇمدۇر. چۈنكى، خىرستىيان ئۇيغۇرلار ھەم مىللەت نۇقتىسىدىن خىتاي بىلەن پەرقلىق، ھەم دىنىي جەھەتتىن پەرقلىق. ئىككىنچى زۇلۇم ئۇلار بىلەن ئوخشاش مىللەت بولغان ئۇيغۇر توپلۇمىدىن كەلدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھاكىم دىن ئىسلام دىنى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا دىن ئالماشتۇرغانلىق مىللىي كىملىككە خىيانەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاقىۋەتتە، دىنىنى ئالماشتۇرغان ئۇيغۇرلار ئايرىمچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، ھەتتا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يىراقلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئەنە شۇ دىنىنى ئالماشتۇرغان ئۇيغۇرلاردىن بىرى خىرىستىيان دىنى ۋائىزى ئالىمجان ھىمىت بولۇپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇنىڭ جىنايىتى نېمە ئىدى؟

بوب فۇ مۇنداق دەيدۇ:«ئالىمجان ھىمىت ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ ئامېرىكالىق دىن تارقاتقۇچىلارغا ئۆزىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئالىمجانغا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش جىنايىتى ئارتقان.»

باشقا بىر خىرىستىيان ئۇيغۇر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئەمما، بىر قانچە كۈن ئۆتە ئۆتمەستىن قايتىدىن تۇتۇلۇپ، 12 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. «Voice of the Martyrs Canada» بۇ خىل ۋەقەلەرنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بايان قىلىپ بەردى.

بوب فۇ مۇنداق دېدى:«خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى تامامەن قانۇنسىزدۇر، تاش يۈرەكلىك بىلەن قىلىنغان دىنىي زۇلۇمدۇر.»

تۈرمىدىكى خىرىستىيانلارنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشى ئۈچۈن ۋە جازالا لاگېرلىرىدا تېخىچە زۇلۇم چېكىۋاتقانلارغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ.

**ئىنگلىزچىدىن ئا. ئۇيغۇر تەرجىمىسى**

https://www.mnnonline.org/news/what-it-costs-to-be-a-christian-uyghur-in-china/



مىسلىسىز ئويغىنىش
ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ قىزى ئاتلار
بايرىمىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئورتاقلاشتى

# ئۇيغۇر ئالىمنىڭ قىزى ئاتىلار بايرىمىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئورتاقلاشتى

بۇ ئاتىلار بايرىمىدا جەۋھەر ئىلھام دادىسى ئىلھام توختىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ دادىسى 2013ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە كېيىن ئاساسسىز ھالدا «بۆلگۈنچىلىك» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن بۇيان جەۋھەر دادىسىنى كۆرۈپ باقمىدى. شۇندىن بۇيان بىگۇناھ دادىسىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئۆز ۋەتىنىدە خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان، باستۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جەۋھەر ئىلھام دادىسى توغرىسىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى ئورتاقلاشتى.

**ئوپېرا بىلەن يورۇيدىغان كارىدور**

بالىلىق ۋاقتىمدا دادام ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان بېيجىڭدىكى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدىكى بىنا ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىنادىكى كارىدورنىڭ چىراقلىرى ئاۋاز ئارقىلىق كونترول قىلىنغاچقا چاۋاك چېلىش ياكى ھەرخىل ئاۋازلارنى چىقىرىش ئارقىلىق چىراقلارنى يورۇتۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۆيىمىز كارىدورنىڭ ئەڭ ئاخىردا بولغاچقا، دادام ئىككىمىز ھەر قېتىم بۇ كارىدوردىن ماڭغاچ چاۋاك چېلىش ياكى يەرنى تېپىپ ئاۋاز چىقىرىشنىڭ ئورنىغا، ئوپېرا ناخشىلىرىنى توۋلاش ئارقىلىق چىراغلارنى ياندۇرۇپ ماڭاتتۇق. دادامنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن يېقىملىق ئاڭلىناتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن بىنادىكىلەر بىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلەتتى. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بىز بۇ ئادىتىمىزنى نۇرغۇن يىللار داۋاملاشتۇردۇق. ھازىرمۇ مەن بەزىدە ئۆيدە ئىختىيارسىز ناخشا ئېيتىپ قويىمەن، بەزىدە يولدىشىممۇ ماڭا جۆر بولىدۇ. ئۇ دەسلەپتە بۇ ھەقتىكى ھېكايىنى بىلمەيتتى، ئەمما ھازىر ئۇ ئاتايىن مېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

**نىكاھ، مۇھەببەت، سېغىنىش**

يولدىشىم بىلەن يېقىندا نىكاھلاندۇق، ئۇ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى بەكلا قوللايدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ياخشى. ئەمما ئۇنىڭ مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئالاقىسى يوق دېيەرلىك. بەزىدە ئۇنىڭ ئائىلە گۇرۇپپىمىزغا خالىغان ئۇچۇرلارنى يوللىيالايدىغىنىنى، خالىغان تېمىلاردا پاراڭلىشالايدىغانلىقىنى ياكى تەتىللىك، بايراملىق ئائىلە يىغىلىشلىرىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئىچىم تارلىق قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئائىلەمگە قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك بېسىمى سەۋەبىدىن مەن بۇنداق ئىشلارنى ئەزەلدىن باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم.

دادام بىلەن ئاخىرقى قېتىم 2013-يىلى 2-فېۋرال بېيجىڭ خەلقئارا ئايرودرومىدا خوشلاشقانچە ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ ئەسلىدە ئامېرىكىغا زىيارەت ۋە تەتقىقات ئۈچۈن بارماقچى، مەن پەقەت قىشلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولماقچى ئىدىم. ئەمما ئۇ بېيجىڭ ئايرودرومىدا توسۇپ قېلىندى. مەن ئۇلارغا ھېچقانداق تەھدىت ئەكەلمەيدىغان ياش ئۆسمۈر بولغاچقا چېگرادىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. بىراق دادام ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن خەلقئارادا تونۇلغان تەتقىقاتچى بولغاچقا توسۇۋېلىندى. ئۇ ماڭا دەرھال ئايروپىلانغا چىقىشىمنى، بۇ بەلكىم مېنىڭ بۇ دۆلەتتىن چىقىپ كېتىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتىم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئەگەر مەن ئاشۇ قېتىملىق ئايروپىلاندىن قېلىپ قالغان بولسام باشقا ئائىلە ئەزالىرىمغا ئوخشاش خىتاي دۆلىتىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمىغان بولاتتىم.

## لەغمەن ۋە پولو

دادام ھەققىدە ئېسىمدە قالغان يەنە بىر خاتىرە ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم تاماق ئېتىپ بەرگىنىم ئىدى. توغرىسى تاماق ئېتىش دېگەندىن كۆرە پەقەت سالاتلارنى ئارىلاشتۇرۇش دېگەن ياخشىراق. شۇ ۋاقىتتا دادام پەخىرلەنگىنىدىن كەم دېگەندە 10 كىشىگە بۇ توغرىلىق ماختىنىپ بەردى. مەن بەك خىجىل بولدۇم، بۇ ئاتالمىش «تاماق» ئېتىشكە ھېچقانداق ماھارەت كەتمەيتتى. دادام ھەمىشە «مېنىڭ قىزىم قاچانمۇ ماڭا لەغمەن-پولو ئېتىپ بەرگىدەك بولار» دەيتتى. بۇ ئىككى خىل تاماق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تاماقلىرى، شۇنداقلا دادامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرى بولۇپ، لەغمەن خېمىر تامىقى، پولو گۈرۈچ تامىقى ئىدى. كېيىن مەن ھەقىقەتەن تاماق ئېتىشنى ئۆگەندىم. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆز قولۇم بىلەن دادامغا ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

## سېخىي، كۆيۈمچان ۋە جاسارەتلىك دادام

دادامنى تەسۋىرلەشكە توغرا كەلسە، ئەڭ دەسلەپتە دەيدىغىنىم، ئۇنىڭ سېخىيلىقى. ئۇ ھەمىشە باشقىلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يانچۇقىدا 100 يۈەن (خىتاي پۇلى) بولسا، 90 يۈەننى مۇھتاجلارغا ياردەم قىلاتتى. قالغان توققۇز يۈەنگە ماڭا ماروژنى ئېلىپ بېرەتتى. پەقەت بىر يۈەننى ئۆزىگە ئاپتوبۇس بېلىتى ئېلىش ئۈچۈن ساقلاپ قوياتتى. مانا مېنىڭ دادام دەل شۇنداق سېخىي ئىنسان ئىدى.

ئۇ يەنە بەكلا جاسارەتلىك بولۇپ، 90-يىللاردىن باشلاپلا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، سىياسىتى ۋە ئىقتىسادى ھەققىدە ماقالىلارنى يېزىشقا باشلىغان. ئۇ ئىنتايىن يىراقنى كۆرەر بولۇپ ، ھەرخىل تەھدىت ۋە پارا بېرىشلەرگە پىسەنت قىلماي كەلگەن. ئۇ بىر قېتىم «سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى مەن ۋەيران قىلىۋەتتىم» دەپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. ئەمەلىيەتتە دادام ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق ماڭا قانداق ئادەم بولۇشنى، ئىزچىل، راستچىل، كەڭ قورساق ۋە جاسارەتلىك بولۇشنى ئۆگەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە دادام قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ماڭا «دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشۇڭ، ئالاقىلىشىڭ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى سىزمۇ ھەتتا مەنمۇ مەڭگۈ كۆرمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇلار سىزگە ياردەم قىلىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز» دەپ تاپىلىغان ئىدى. ئۇ يەنە «خىتايدىن نەپرەتلەنمەڭ، ئۆچمەنلىك سىزنى دەپنە قىلىۋەتمىسۇن، كۈچلۈك ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇڭ، ھەمدە ھەق-ھوقۇقىڭىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى ھەرگىز توختاتماڭ» دېگەن ئىدى.

## ھەر بىر پارچە خەت ئازراق بولسىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ

مەن ئازغىنە نەتىجىلىرىمدىنمۇ كۈچ ئېلىشنى ئۆگەندىم. ئاكتىۋىستلىقنى يېڭىدىن باشلىغان چاغدا تېزدىن چوڭ غەلىبىلەرگە ئېرىشىشنى ئويلايتتىم. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئارزۇيۇمنىڭ ئاسانلا رويابقا چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مانا ھازىر بىرەرسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن قايتا كۆرۈشەلىگىنىگە ئوخشاش ئازراق يېڭىلىقلارمۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىلىنىدۇ. مەن ئاشۇنداق غەلىبىلەرنىڭمۇ ماڭا تەۋە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ھەمدە ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى مېنىڭ بېشىمغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىمنىڭ نەتىجىسىنى دەرھال كۆرەلمىسەممۇ لېكىن ھەر بىر پارچە خەت، ھەر بىر ئىمزانىڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. يازغان شۇنچە خەتلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت 10 پارچە خەت تۈرمىگە يېتىپ بارالىسىمۇ، تۈرمە ساقچىلىرىنى قايتا ئويلاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. خىتاي تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ دېيىشىچە، خەلقئارانىڭ بېسىمى كۈچەيگەنسىرى، خىتايلارنىڭ تۈرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئازراق بولسىمۇ يۇمشايدىكەن. دادامنى ھايات قالدۇرۇش ئۈنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

دادامنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش ئىلتىماسىغا ئىمزا قويغان مىڭلىغان كىشىلەرگە دەيدىغىنىم شۇكى: ھەرگىز كۈچىڭلارنى تۆۋەن چاغلاپ قالماڭلار. بىر پارچە خەتنى يېزىشقا بەلكىم بىر نەچچە مىنۇت ۋاقتىڭلار كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى نەچچە يىل داۋاملىشىدۇ. ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن چاغلىماڭلار، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئاۋازىمىزنى جىمىقتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئۆزىمىز بېسىقتۇرىۋەتمەيلى، ئاۋازىمىزنى چىقىرىپ تۇرۇش ھەرزامان مۇھىم.

### ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەر

كىشىلەر ھەمىشە ئۇيغۇرلارنى كىچىك، يىراق، نامرات رايوندىن كەلگەن دەپ ئويلاپ، ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇرلارنى چۈشەنمەسلىكتىن پەيدا بولغان يۈزەكى قاراش. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ياكى «شىنجاڭ» دەپ ئاتايدۇ. مەن خىزمىتىمدە تولاراق «ئۇيغۇر رايونى» دەپ ئىشلىتىمەن.

ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن خىتاي دۆلىتىنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇندىن باشقا ئېنېرگىيە، مىنېرال ماددىلار، پاختا، شۇنداقلا يەر ئاستى-يەر ئۈستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول. ئۇ رايوندا تىرىشچان، ئىشچان، ئەقىللىق، كۆپ تىللىق، ئاق كۆڭۈل ۋە مېھماندوست 15 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلقى ياشايدۇ. خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىستېمىلىق كەمسىتىشى ۋە باستۇرۇشى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس. ئەلۋەتتە خىتايدا مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق يوقۇتۇش نىشانى بولۇپ قېلىشتا بەلگىلىك رول ئوينىسىمۇ، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، ئالاھىدە مىللەت بولغانلىقى ۋە ئىنتايىن باي زېمىننىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق بىر باي زېمىننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى پىلانلىغاچقا، ئوخشىمايدىغان ئىددىيە، دۇنيا قاراشتىكى ئۇيغۇر، تىبەت، خىرىستىيان، موڭغۇل

ھەمدە خوڭكوڭلۇقلارنى يوقۇتۇش، ئاشۇ مۇنبەت تۇپراقلارنى ئىگىلەپ، خەلقنى كونترول قىلىشنى نىشان قىلغان.

**مېنىڭ كەلگۈسكە بولغان ئۈمىدىم**

2017-يىلدىن باشلاپ دادام توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇر ئاڭلاپ باقمىدىم. ئائىلەمنى زىيارەت قىلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دادامنىڭ تېخىچە ھايات ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. مەن كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھايات تۇرۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. زۇلۇم چېكىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بالدۇرراق مەيلى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن بولسۇن ھەقىقىي ئەركىنلىككە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر قىسىم كىشىلەر گەرچە تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا قورقۇنچ ئىچىدە ياشىماقتا. مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ يۇرتىدىكى ئاتا-ئانىسىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قورقماي تېلېفون قىلىشىنى، ئۆز تىلىدا كەڭ-كۇشادە سۆزلىشەلىشىنى ۋە ياكى ئۆز يۇرتىنىڭ ئىسمىنى قورقماي تىلغا ئالالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە چىقىشىنى، ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەنلەرنىڭ بالدۇرراق قايتا جەم بولۇشىنى ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادامنىڭمۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «قىزىم، مېنىڭ سىز ئېتىپ بەرگەن پولونى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ» دېيىشىنى، ھەم ئۆزۈمنىڭمۇ دادامغا قاراپ تۇرۇپ «ماقۇل دادا!» دېيەلىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.amnesty.org/en/latest/campaigns/2025/06/opera-ice-cream-activism-daughter-of-jailed-uyghur-scholar-shares-fathers-day-memories/


مسلسز ئويغنش
ئۆكتىچى قىياپەتكە كىرىۋالغان خىتاي
جاسۇسلىرى

## ئۆكتىچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان خىتاي جاسۇسلىرى

2025 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلقئارالىق تەكشۈرگۈچى مۇخبىرلار بىرلەشمىسى «خىتاي ئۆكتىچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان جاسۇسلارنى قوللىنىپ چەتئەلدىكى خىتايغا قارشى تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرمەكتە» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدا گېرمانىيە ۋەتەندىشى بولغان، كومىنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان گو جيەن ئىسىملىك بىر خىتاينىڭ ئەسلى خىتاي جاسۇسى ئىكەنلىكى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرگەن جاسۇسلار ئارقىلىق چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۆتكەن يىلى گېرمانىيە ساقچىلىرى گو جيەننى خىتايغا جاسۇسلۇق قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالغاندا، ئۇنىڭ 2002 ـ يىلىدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىغا ئائىت مەخپىي ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 500 دىن ئارتۇق ھەر خىل مەخپىي ھۆججەتلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

گو جيەن قولغا ئېلىنغاندا دېموكراتىك خىتاي فېدېراتسىيەسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئۇ 2017 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ دارامسالاغا بېرىپ تىبەت ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى، تىبەت پارلامېنت ئەزاسى ۋە دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەن. تىبەت تاراتقۇلىرى ئۇنى «تىبەت ھەرىكىتىنى قوللىغۇچى» دەپ تەرىپلىگەن.

دېموكراتىك خىتاي فېدېراتسىيەسى، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى فرانسىيەنىڭ پارىژدا قۇرۇلغان ۋە كانادانى مەركەز قىلغان، پۈتۈن دۇنيادا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ خوڭكوڭ، تەيۋەن، كانادا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، تايلاند ۋە باشقا ياۋروپا ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىدە كۆپلىگەن ئاكتىپ ئەزالىرى بار. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خىتاي كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوللاش ئارقىلىق خىتاينىڭ دېموكراتىيىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش.

گو جيەن غەرب دۆلەتلىرى ئەيىپلەۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خىتاي كومىنىست ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارغا سوقۇنۇپ كىرگەن كۆپلىگەن خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گەرچە ماقالىدا گو جيەننىڭ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشقان ياكى ئۇچراشمىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خەۋەرنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق باياناتچىسى دىلشات رېشىتنىڭ شۋېتسىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن خىتايغا جاسۇسلۇق قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن تۇتۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەلگىلىك غۇلغۇلا قوزغىغان.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مۇھاجىرەتتىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتى بولۇۋاتقان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن خىتايغا قارشى تەشكىلاتلارغا سوقۇنۇپ كىرگەن ۋە سىياسى پائالىيەتچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان خىتاي جاسۇسلىرى ئارقىلىق مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە دېموكراتىك خىتاي پائالىيەتچىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ، ئۇلارغا يۇمشاق ۋە قاتتىق ئۇسۇللار ئىشلىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پائالىيەتچىلەرنى داۋادىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ياكى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

ئامېرىكىنىڭ پېنسىيەگە چىققان ئاخبارات ئەمەلدارى ، «خىتاي جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ۋە تاكتىكىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى نىكولاس ئېفتىمىئادىس (Nicholas Eftimiades) مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆزىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنى ۋە ئۆكتىچىلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئۇچۇر - ئاخبارات ئىگەللەش خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ئۇرۇنۇشلىرىدا قوللىنىدىغان ئۇسۇللاردىن بىرى.»

ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، يېڭى زېلاندىيە، شېۋىتسىيە، تۈركىيە ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق بىر قانچە دۆلەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆكتىچىلەرنى نىشان قىلغان خىتاينىڭ جاسۇسلىق ھەرىكىتىگە چېتىشلىق دەپ گۇمان قىلغان ئون نەچچە گۇماندارنى تەكشۈرگەن بولۇپ، بەزى ئەھۋاللاردا دائىرىلەر جاسۇسلۇق نىشانىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىغان.

ماقالىدا ئېيتىلىشىچە، ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن، گوجىيەنگە قارىتىلغان جاسۇسلۇق ئەيىبنامىسىنى خىتايغا تۆھمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان «ئاخبارات تەشۋىقاتى» دەپ رەت قىلغان. ۋاڭ مۇنداق دېگەن: «ئاتالمىش <خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ تەھدىتى> ياۋروپادىكى يېڭى ئىش ئەمەس. مەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، خىتاي ياۋروپا ۋە باشقا بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ئاساسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ.»

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىرەتتە ئۆزىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلار ئىچىگە جاسۇس كىرگۈزۈشى ياكى چەتئەللەردىكى جاسۇسلىرىنى سىياسى پائالىيەتچىلەر قىياپىتىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇشتىكى مەقسىتى، يالغۇز ئۇچۇر ئاخبارات ئىگەللەش بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە دېموكراتىك خىتايلار ئىچىدە پىسخىلوگىيەلىك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، خەلق ئارىسىدا ئۆز ئارا گۇمان، ئەندىشە ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى پارچىلاپ، ئورتاق بىر كۈچ ھالىتىگە كېلەلمەس قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە قارشى بارلىق ئاۋازلانى يوق قىلىش. ئاخىردا ئومۇمىي خەلقنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىپ، ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش.

چەتئەلدە خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلار ۋە پائالىيەتچىلەر ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرگەن خىتاي جاسۇسلىرى دەۋاغا ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ دەۋاغا ئېلىپ كەلگەن بىۋاستە زىيانلىرىدىن، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە پەيدا قىلغان سەلبىي تەسىرى تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. ھازىرغىچە ئىچىمىزدە گەرچە قانچىلىك جاسۇسنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇماتىمىز بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ جاسۇسلار ياراتقان سەلبىي تەسىرلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئىشەنچ ئاجىزلىشىپ، كۆڭلىگە ياقمىغان ياكى شەخسى ئاداۋىتى بارلارنى «خىتاي ئىشپىيونى» دەيدىغان ئەھۋال ئېغىرلاشماقتا. بۇ بىر يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى بەك كۆپ ئەجىر قىلمايلا خەلقنى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن.

ماقالىدا، ئامېرىكىنىڭ پېنسىيەگە چىققان ئاخبارات ئەمەلدارى «خىتاي جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ۋە تاكتىكىسى»ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى نىكولاس ئېفتىمىئادىسنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگە: «خىتاينىڭ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشى مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، جامائەت ئارىسىدا قورقۇش ۋە ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك پەيدا قىلغانلىقىدۇر.» بۇ نۇقتىدا، كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشى پەرقلىق بولمىسا كېرەك. چۈنكى ھازىر كۆرۈۋاتقان رېئاللىقىمىز بۇنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدۇر.

https://www.icij.org/investigations/china-targets/china-uses-dissidents-turned-spies-to-infiltrate-overseas-activist-groups-as-authorities-flounder/



# يالغۇزلۇقتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىۋېلىڭ

ئەن پېترەجېلو

# يالغۇزلۇقتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىۋېلىڭ

ئەن پېترەنجېلو (Ann Pietrangelo)
(پىسخىلوگىيە دوكتورى)
تېببىي جەھەتتىن تەكشۈرگۈچى: بېتانىي جۇبى (Bethany Juby)

بەزى ئادەتلەرنى ۋە ئۆزىڭىزنى ئاسراشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرىۋالسىڭىز، يالغۇز قالغاندىمۇ خۇشال ياشىشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ. بۇ ئادەت ۋە ئۇسۇللار ئىجادچانلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىڭىزنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى كىشىلەر يالغۇزلۇقتىن تەبىئىيلا ھوزۇرلىنالايدۇ. ئەمما يەنە بەزىلەرگە نىسبەتەن يالغۇزلۇق بىر قىيىن مەسىلە. ئەگەر سىز كېيىنكىسىگە تەۋە بولسىڭىز، ھەتتا سىز تاشقى مىجەزلىك ئادەم بولسىڭىزمۇ، يالغۇزلۇقتىن ھوزۇرلىنىشنىڭ يوللىرىنى تاپالايسىز.

يالغۇزلۇقتا قانداق قارايدىغانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىڭىز بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش قىممەتلىك سەرمايىدۇر.

**بۇ ئادەتلەرنى تېزلا ئۆزلەشتۈرىۋېلىشنىڭ چارىلىرى**

بۇ چارىلەر سىزنىڭ ياخشى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ. گەرچە بىر كېچىدىلا ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئەمما يالغۇز قالغاندا قانداق قىلىپ تېخىمۇ خۇشال ياشىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

بەزى ئەسكەرتمىلەرنى بەلكىم ئاڭلاشنى خالايسىز، يەنە بەزىلىرى بەلكىم سىزگە ياقماسلىقى مۇمكىن. نىملا بولمىسۇن ئۇلارنى ھايات يولىڭىزدىكى پۇتىڭىز ئاستىغا قويۇلغان كېسەك خىشلاردەك بىلىپ، يول بويى ئۇلاردىن دەسسەپ، ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە خاراكتېرىڭىزگە ماس كېلىدىغان شەكىلگە كىرگۈزسىڭىز تامامەن بولىدۇ.

**1. ئۆزىڭىزنى ھەرگىز باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماڭ**

بۇ ئىشنى دېمەك ئاسان بولغىنى بىلەن قىلماق تەس. ئەمما ئامال بار ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھاياتىنى باشقىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرماڭ. دوستلىرىڭىزنىڭ ئاز-كۆپلىكى ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىغا، يىغىلىشلارغا بېرىش قېتىم سانى مۇھىم ئەمەس. موھىم بولغىنى بۇلارنىڭ سىزگە ماس كېلىش كەلمەسلىكى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، نۇرغۇن دوستلىرى بار ۋە داۋاملىق ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئالدىراش يۈرگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن خۇشاللىققا تولغان بولۇشى ناتايىن.

### 2. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن بىر قەدەم چېكىنىڭ

ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ئەسلىدە ئۇنچە ناچار ياكى ئەندىشە قىلغۇدەك مەسىلە ئەمەس. بىراق سىز كۆرۈۋاتقان خەۋەر-ئۇچۇرلار سىزنى چەتكە قېقىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويسا ياكى بېسىم ھېس قىلدۇرسا، بىر نەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىڭ، ئۇ ئۇچۇرلار ھەرگىزمۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئاشۇ كىشىلەر مەيلى راستىنلا شۇنداق خۇشال بولسۇن ياكى خۇشال بولغان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ سىز بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق. شۇڭا چوڭقۇر نەپەس ئېلىڭ، ئۇنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلىڭ.

مۇنداق بىر تەجرىبىنى سىناپ كۆرۈڭ. ئۆزىڭىزنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن 48 سائەت چەكلەڭ. ئەگەر بۇ ئامالنىڭ سىزگە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى تەگسە، كېيىنكى نۆۋەتتە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە كۈندە پەقەت 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچىلا ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىڭ ۋە بۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىڭ.

### 3. تېلېفونىڭىزدىن بىردەملىك يىراقلىشىڭ

تېلېفون ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار يالغۇزلۇق ئۇقۇمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. قولىڭىزدىكى تېلېفون ئارقىلىق خالىغان بىرەرسىگە خالىغان چاغدا تېلېفون قىلالىسىڭىز، قىسقا ئۇچۇرلارنى يوللىيالىسىڭىز ياكى ھېچكىم بىلەن ئالاقىلاشماي تۇرۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرسىڭىز، ئۇنداقتا ھەقىقەتەن يالغۇز قالغان ھېسابلىنامسىز؟ كېلەر قېتىم يالغۇز قالغاندا تېلېفونىڭىزنى تاقىۋېتىپ ئۇنىڭدىن بىرەر سائەت يىراقلىشىپ بېقىڭ، بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىڭ ھەمدە يالغۇز ياشاش كەيپىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىڭ. ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمىسىڭىز قولىڭىزغا قەلەم ۋە دەپتەرنى ئېلىڭ دە، كېلەر قېتىم ئۆزىڭىزنى يالغۇز قالغاندا قىلىشنى خالايدىغان ئىشلارنى تىزىملاپ چىقىڭ.

## 4. خىيالىڭىزنى ئەركىن قويىۋېتىڭ

ھېچ ئىش قىلماي بىردەم ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىڭىزدىن بىئارام بولامسىز؟ بۇ بەلكىم ئۆزىڭىزنى ئەركىن قويىۋېتىشكە يول قويمىغىنىڭىزغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقىدىندۇر. مۇنداق 5 مىنۇتلۇق بىر تەجرىبىنى سىناپ بېقىڭ، پەقەت 5 مىنۇتلا. ئەتراپىڭىزدا تېلېۋىزور، مۇزىكا، ئىنتېرنېت، پودكاست، ھەمدە كىتاپمۇ بولمىسۇن. راھەت بىر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇڭ ياكى يېتىڭ، خالىسىڭىز كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، ئۆيىنى قاراڭغۇ قىلىڭ ياكى خالىسىڭىز دېرىزىدىن سىرتقا قاراڭ. ئەگەر بەكلا جىم تۇرۇشنى خالىمىسىڭىز، تور توقۇش، ۋاسكېتبول ئويناش ياكى قاچا يۇيۇش قاتارلىق تەكرارلىنىدىغان ئىشلارنى قىلغاچ خىيالىڭىزنى ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىپ، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ بېقىڭ. قېنى خىيالىڭىز سىزنى نەلەرگە باشلايدىكىن، دەسلەپتە خىيالىڭىز سىزنى بەكلا يىراقلارغا ئېلىپ بارالمىسا ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كاللىڭىز بۇ يېڭى ئەركىنلىككە كۆنۈپ قالىدۇ.

## 5. ئۆزىڭىز بىلەن ئۇچرىشىشقا چىقىڭ

بۇ ئاڭلىماققا كۈلكىلىك تۇيۇلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىشقا چىقىش يالغۇز قالغاندا خۇشال بولۇشنى ئۆگىنىدىغان كۈچلۈك قورال بولالايدۇ. قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتامسىز؟ ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىشقا چىقىدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك بىر پەيتنى ئۆتكۈزىدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ئۇ كىشىنى نەگە باشلاپ بارىسىز؟ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى كۆرسىتىشنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ئۈمىد قىلىسىز؟ ئەمدى ئۆزىڭىزنى دەل شۇ يەرلەرگە باشلاپ بېرىڭ. دەسلەپتە سەل غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ھېچ بولمىغاندا باشقىلارنىڭمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش يالغۇز غىزالىنىپ ياكى كىنو كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقايسىز.

ئەگەر بۇنداق قىلىشقا ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىز يار بەرمىسە، قىممەت يەرلەرگە بېرىشنى پىلانلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىر كىشىلىك خىراجەت ھامان ئىككى كىشىلىك خىراجەتتىن كۆپ ئەرزان بولىدۇ.

ئاڭلىماققا بەك تەستەك تۇيۇلىۋاتامدۇ؟ ئۇنداقتا كىچىك ئىشلاردىن باشلاڭ، مەسىلەن، يېقىن ئەتراپتىكى قەھۋەخانىلاردىن بىرىگە بېرىپ 10 مىنۇت ئولتۇرۇپ كېلىڭ، ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىتىڭىزنى كۆزىتىڭ، ۋەھاكازا. ئەگەر بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالسىڭىز، سىرتلارغا يالغۇز چىقىش ئۇنچە بىنورماللىقتەك تۇيۇلمايدۇ.

### 6. بەدەن چېنىقتۇرۇش

بەدەن چېنىقتۇرۇش چوڭ مېڭىمىزنىڭ ئېندورفىننى قويۇپ بېرىشىنى كۈچەيتىدۇ. خۇشاللىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. يېڭىدىن چېنىقىشنى باشلىماقچى بولسىڭىز، دەسلەپتە پەقەت بىر نەچچە مىنۇت چېنىقىشتىن باشلاڭ. مەيلى ئەتىگەنلىك بەدەن يۇمشىتىش ھەرىكەتلىرى بولسۇن ياكى 10 مىنۇت مېڭىش بولسۇن، بارا-بارا بىر ياكى ئىككى مىنۇتتىن ئۇزارتىپ مېڭىڭ. ئىشەنچىڭىز ئاشقانسېرى ئېغىرلىق مەشىقى، نەپەس مەشىقى ياكى باشقا چېنىقىش تۈرلىرىنى قوشۇپ سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر سىز تېخىچە ئۆزىڭىز يالغۇز سىرتلارغا چىقىشتىن بىئارام بولىۋاتقان بولسىڭىز، چېنىقىش ئۆيگە يالغۇز بېرىش ناھايىتى ياخشى باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ.

### 7. تەبىئەتكە چۆكۈڭ

مەيلى ھويلىڭىزدا ئارام ئېلىڭ ياكى باغچىلاردا، سۇ بويلىرىدا سەيلە قىلىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن قانغىچە ھوزۇرلىنىڭ، يەنى ھەرخىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، گۈللەرنىڭ پۇرىقى ياكى يۈزىڭىزنى سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەيىن شامال دېگەندەك.

تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، تەبىئەت بىلەن ھەپتىدە 120 مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت ئۆچۈرىشىپ تۇرغاندا، چۈشكۈنلۈك، خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى ياخشىلاپ، قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرىدىكەن.

### 8. يالغۇزلۇقتىن پايدىلىنىڭ

بەزىلەر يالغۇز ياشاشتىن خۇشاللىق تاپالمايدۇ، ئەمما يالغۇز ياشاشنىڭمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ. يالغۇزلۇق ئېلىپ كەلگەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىشقا تىرىشىڭ.
بوش ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ بىر ھەپتىلىك تامىقىڭىزنى تەييار قىلىۋېلىڭ.
كونا قىزىقىشىڭىزنى قايتا قولىڭىزغا ئېلىڭ. يىغىپ قويغان بارلىق ماتېرىياللىرىڭىزنى ئالدىڭىزغا يېيىپ نىمە قىلىشىڭىزنى پىلانلاڭ. بىر كۈندە قارار قىلىپ بولالمىسىڭىز ھېچقىسى يوق، تاكى قارارىڭىز پۈتكىچە ھەتتا بىرەر ھەپتىگىچە تاشلاپ قويۇڭ.

### 9. پىدائىي بولۇڭ

ۋاقتىڭىزنى باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشنىڭ نۇرغۇن يوللىرى بار. ئۆزىڭىز بىۋاستە پىدائىي بولالايسىز ياكى يىراقتىن ھەمكارلاشسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەيلى قايسى خىل يول بىلەن پىدائىيلىق قىلىڭ، باشقىلارغا ياردەم قىلىش سىزدە مەمنۇنلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلار بىلەن باغلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدۇ ھەمدە يەنىلا يۇقۇرى سۈپەتلىك يالغۇز قېلىش ۋاقتىغا ئېرىشەلەيسىز.

مەھەللىڭىزدىن پىدائىيلىق پۇرسىتى ئىزدىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان بىرەر تۈرنى تاللاش ۋە ئېھتىياج بىلەن قابىلىيتىڭىزنىڭ ماس كېلىشى ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشى ناھايىتى مۇھىم. مۇبادا سىز دەسلەپتە سىناپ باققان ئىش سىزگە ماس كەلمىسە، ھېچقىسى يوق، باشقا ئىشلارنى سىناپ باقسىڭىز تامامەن بولىدۇ. پۇرسەت بولسىلا سەمىمىيلىك بىلەن باشقىلاردىن ياردىمىڭىزنى ئايىماڭ.

### 10. مىننەتدار بولغان ئىشلارنى ئېتىراپ قىلىڭ

تەتقىقاتلاردا كۆرستىلىشچە، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بەخت ۋە ئۈمىد تۇيغۇسنى كۈچەيتەلەيدىكەن. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مىننەتدار بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا ئاسانلا سەل قاراپ قالىمىز. بىرئاز ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزىڭىز مىننەتدار بولغان ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىڭ. ھاياتىڭىزدىكى قەدىرلەشكە تېگىشلىك ھەم مىننەتدار بولغان ئىشلارنى كاللىڭىزدا ياكى قەغەز-قەلەمدە تىزىملاپ چىقىڭ. بۇ ئىشلار ناھايىتى ئۇلۇغۋار ئىشلار ياكى ئادەتتىكى ئىشلار ۋە ياكى ناھايىتى كىچىك، كونكرېت ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى قېتىم يالغۇز قالغىنىڭىزدا ۋە كۆڭلىڭىز يېرىم بولغاندا، بۇ تىزىملىكنى چىقىرىپ، ھاياتىڭىزدىكى بارلىق ياخشى ئىشلارنى ئەسلەڭ.

### 11. ئۆزىڭىزگە ئارام بېرىڭ

ئۆزىنى تەنقىت قىلىپ تۇرۇش ياخشى ئىش. ئەمما بەك قاتتىق قوللۇق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىنى قاتتىق تەنقىتلەش ئىشەنچ ۋە خۇشاللىقنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئىچىڭىزدىكى سەلبى سادالارغا پىسەنت قىلماي ئاكتىپ سادالارغا قۇلاق سېلىشقا تىرىشىڭ (ئۇنداق سادانىڭ چوقۇم بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ). ئۆزىڭىزگە باشقىلارغا ھۆكۈم قىلغاندىنمۇ قاتتىق ھۆكۈم قىلماڭ، ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىكى بولىدۇ، شۇڭا كەمچىلىكىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئەيىپلەشنىڭ ئورنىغا ئۆزىڭىزدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى، ياخشى سۈپەتلەرنى ئويلاڭ.

## 12. ئۆزىڭىزنى ئوبدان كۆتۈڭ

كەچلىك تاماقنى بىللە يەيدىغان ھەمرايىڭىز بولمىسا يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ قاچىلاپ قويۇلغان تەييار يېمەكلىكلەرنى يېيىش دېگەنلىك ئەمەس. ئۆزىڭىزگە مول ۋە ئېسىل يېمەكلىكلەرنى تەييارلاڭ، ئۈستەلنى چىرايلىق راسلاڭ، سالفېتكىلارنى تىزىپ، شاملارنى ياندۇرۇپ خۇددى كەچلىك زىياپەت ئۆتكۈزىدىغاندەك ئىنچىكىلىك بىلەن ھازىرلىق كۆرۈڭ، ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ئولتۇرۇپ ئېسىل تاماقلار بىلەن غىزالىنىشقا ئەرزىيسىز.

## 13. ئىجادىي چىقىش نۇقتىسىنى تېپىڭ

بۇرۇندىن قىلىشنى ئويلاپ كەلگەن بولسىڭىزمۇ، ئەمما كەينىگە سۈرۈلۈپ قالالماي كېلىۋاتقان بىرەر قىزىقىشىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىڭ، ئۇ ئىشنى قىلىشقا ماھىر ئەمەسلىكىڭىزدىن ئەنسىرىمەڭ، مۇھىمى راھەت ئارامگاھىڭىزدىن چىقىپ يېڭى ۋە ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى سىناپ بېقىش.

بۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىز مۇستەقىل قىلسىڭىزمۇ ياكى كۇرسقا كىرىپ ئۆگەنسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە يېتەرلىك ۋاقىت بېرىڭ. ئەگەر ئۇ ئىشلارنى قىلىشنى ياقتۇرمىغان بولسىڭىز، تىزىملىكىڭىزدىن ئۆچۈرىۋېتىپلا، زېھنىڭىزنى باشقا ئىشقا بۇرىسىڭىز بولىدۇ.

## 14. يالغۇز كىشىلىك ساياھەت پىلانى تۈزۈڭ

ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ساياھەت رايونلىرى ياكى پائالىيەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ كالېندارىڭىزغا بەلگە قويۇپ مېڭىڭ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزدە تەلپۈنۈش باھانىسى يېتىلدۈرەلەيسىز. نېمىلا دېگەن بىلەن، بىر ئىشقا تەققەززا بولۇشمۇ خۇشاللىقنىڭ بىر قىسمىدۇر. كالېندارىڭىزغا يېزىلغان ئىشلارنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كۈندە بەلگە قويۇپ مېڭىشمۇ ئۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىرادىڭىزنى چىڭىتىدۇ. مەسىلەن، يېقىن ئەتراپتىكى مەنزىرىلىك يەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىش، يەرلىك فېستىۋال، دېھقانلار بازىرى دېگەندەك جايلارنى ئايلىنىش ياكى ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان كونسېرتنىڭ بېلىتىنى سېتىۋېلىش ۋە ياكى كىشىلەر ماختىشىۋاتقان سەنئەت كۆرگەزمىسىنى كۆرۈش قاتارلىق ئۆزىڭىز ھەقىقىي قىزىقىدىغان ئىشلارنى پىلانلاڭ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭ.

بۇنداق يالغۇز ياشاش ئادىتىگە كۆنۈپ قالسىڭىز، يالغۇزلۇقتىن تېخىمۇ هوزۇرلىنىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى تېپىپ قىلىسىز ۋە تېخىمۇ ساغلام تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرەلەيسىز.

## 15. كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ بېقىڭ

ئۆزىڭىز ياخشى دەپ قارىغان كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىڭىزمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ مەنىسىز تۇيۇلۇشى ۋە سىزنى بارغانچە روهسىزلاندۇرۇپ قويىشى مۇمكىن. شۇڭا كۈندىلىك ئادىتىڭىز ۋە ئەتراپىتىكى مۇهىتىڭىزنى كۆزىتىشكە ماهىر بولۇڭ. نېمىلەردىن هوزۇرلىنىۋاتىسىز، نېمىلەردىن زېرىكىۋاتىسىز دېگەنلەرنى، ئەگەردە پەقەتلا بىلەلمىسىڭىز تۇرمۇشىڭىزغا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ بېقىڭ. بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىزغا يېڭىچە مەنالارنى قوشالىشىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن، ئۆيىڭىزنى رەتلەپ، كېرەكسىز، ئارتۇق يىغىۋالغان نەرسىلەرنى تاشلاڭ، ئۆي جابدۇقلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ. تاملارنى باشقا رەڭدە سىرلاپ بېقىڭ. كىچىك باغچىڭىزغا يېڭى گۈللەرنى، مېۋىلەرنى تىكىڭ، ياكى يېڭى ئېچىلغان قەھۋەخانىغا بېرىپ هوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ كېلىڭ. بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى شۇ زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان بىرەر ئامال-چارە ئىزدەڭ.

## 16. تاقابىل تۇرۇش ماهارىتىڭىزنى كۈچەيتىڭ

هەر قانداق ۋاقىتتا تۇرمۇشنىڭ بېسىملىرى بولىدۇ. يامان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق. ئەمما ئاشۇ يامان ئىشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتنى، هەمدە قانداق بىر تەرەپ قىلىغانلىقىڭىزنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. مانا بۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ماهارەت. ئۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قانداق چارە-ئامالارنى ئىشلەتكىنىڭىز ۋە شۇ چارە-ئامالارنىڭ قانداق ئەسقاتقانلىقى ئېسىڭىزدە بولسا، هازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە شۇ چاغدىكىگە ئوخشاش پوزىتسىيە بىلەن تاقابىل تۇرۇڭ. بۇمۇ ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ بېرىدىغان ياخشى پەيت. سىز بەلكىم ئۆزىڭىز ئويلىغاندىنمۇ كۈچلۈك ۋە قەيسەر بولۇشىڭىز مۇمكىن.

## 17. باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۈزۈپ قويماڭ

يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قالغىنىڭىزدا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا خوش ياقماسلىقى مۇمكىن. گەرچە بۇ يامان ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما دوستلىرىڭىز بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش يەنىلا مۇهىم. شۇڭا داۋاملىق دوستلىرىڭىز ياكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىزنى يوقلاپ تۇرۇڭ ياكى

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن بىللە بىردەم يېرىمدەم ۋاقىت ئۆتكۈزۈڭ ۋە ياكى ئۆزۈن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن بىرەر يېقىنىڭىزغا تېلېفون قىلىپ مەنىلىك پاراڭلىشىڭ.

**18. كەچۈرۈمچانلىقنى ئۆگىنىڭ**

كەچۈرۈمچانلىق بىلەن خۇشاللىقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. سالامەتلىككە پايدىلىق باشقا نۇرغۇن ئىشلارغا قارىغاندا، كەچۈرۈمچانلىق سىزدىكى بېسىم، تەشۋىش ۋە چۈشكۈنلۈكنى ئازايتىشى مۇمكىن. بۇ باشقىلارنى مەمنۇن قىلغاندىن بەكرەك ئۆزىڭىزنى مۇمنۇن قىلىدۇ. شۇنداق، بۇ دېگەنلىك، سىزگە ئازار بەرگەن ئادەمگە ئۇنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىڭىز ھەققىدە خەت يېزىپ، ئۇنى كەچۈرمىگەندىن بەكرەك ئەسقېتىشى مۇمكىن.

باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلىش ئۇستىڭىزدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك، روھىي يۈكىڭىزنى يېنىكلىتىدۇ. باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىڭىزگە نىسبەتەنمۇ كەچۈرۈمچان بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

**19. سالامەتلىكىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈڭ**

روھىي ساغلاملىق جىسمانىي ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ. جىسمانىي ساغلاملىقىڭىزغا كۆڭۈل بۆلسىڭىز، ئومۇمىي ساغلاملىقىڭىزنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئۆزىڭىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ يولى.

ئوزۇقلىنىشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە يېتەرلىك ئۇخلاش يالغۇز قالغاندا قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنىڭ بىر قىسمى. قەرەللىك ھالدا ساغلاملىقىڭىزنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ، ھەمدە دوختۇرغا كۆرۈنۈپ سالامەتلىك ئەھۋالىڭىزنى بىلىپ تۇرۇڭ.

**20. كەلگۈسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈڭ**

شەخسىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن 5 يىل ياكى 10 يىل ئىچىدە قانچىلىك تەرەققىي قىلىشنى خالايسىز؟ بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلىشىڭىز كېرەك؟ بۇ ھەقتىكى پىلانىڭىزنى يېزىپ قالدۇرسىڭىز، قارارىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.

بۇ قارارىڭىزغا يىلدا بىر قايتا قاراپ چىقىپ، پىلانىڭىزنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. ئەتە ئۈچۈن پىلان تۈزسىڭىز، بۈگۈنىڭىز تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىققا ۋە خۇشاللىققا تولىدۇ.

ئېھتىياجلىق بولغاندا ياردەم سوراڭ

بەزىدە ئۆزىنى ئاسراش، چېنىقىش ھەمدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلار غەم-قايغۇلىرىڭىزنى ياكى يالغۇزلۇق ھېسسىياتىڭىزنى باسالمايدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىسگە مۇراجىەت قىلىشنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ:

ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ، ھېچ ئامال تاپالمىسىڭىز.
تەشۋىشلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە.
سىزدە خامۇشلۇق ئالامەتلىرىكۆرۈلسە.

ئەھۋالىڭىز بەك ئېغىرلىشىپ كەتكۈچە ياردەم سورىغىنىڭىز ياخشى، بولۇپمۇ كۆپىنچە يالغۇز ياشايدىغانلار ھەمدە تېزراق ياخشىلىنىشنى خالايدىغانلار تېخىمۇ شۇنداق.

ئىنگلىسچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.healthline.com/health/how-to-be-happy-alone#first-steps



# ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش چاقىرىقى قىلدى

# ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا قارشى ھەرىكەتتە ئۈنۈملۈك چاقىرىقى قىلدى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى پېت رىكېتس (Pete Ricketts)، جېف مېركلېي (Jeff Merkley)، جون كۇرتىس (John Curtis) ۋە كرىس كۇنىس (Chris Coons) قاتارلىقلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سىياسىتىگە قارشى قەتئىي رەۋىشتە ھەرىكەتتە ئۈنۈملۈك كېرەكلىكنى چاقىرىق قىلدى. «FLETF» رەئىسى كرىستوفىر پراتقا مەكتۇپ ئەۋەتكەن دۆلەت مەجلىس ئەزالىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشتىن توسۇش قانۇنىدىن قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلەرنى يۈرگۈزۈشكە چاقىرىق قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. مەجلىس ئەزالىرى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ UFPLA ئىجرائاتلىرىنى تەسلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشى جەھەتتە ھېساب بېرىشتىن قېچىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرغىنىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

پېت رىكېتس 2025-يىلى 18-ئىيۇل ئامېرىكا ئىچكى ئىشلار بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئورتاق سوراقتا تايانغان ھالدا، شەرقىي تۈركىستان سىرتىغا ئىشچىلارنى مەجبۇرىي يۆتكەش پروگراممىلىرىغا ئىنكاس بىلدۈرۈش ۋە كوممۇنىست خىتاينىڭ ئامېرىكا جازا قانۇنلىرىدىن قېچىشىنى توسۇش ئۈچۈن UFPLA ئۆز تىزىملىكىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىشى كېرەك.»

ئۆز نۆۋىتىدە 144 قۇرۇلۇش ئورۇن ئالغان تىزىملىككە يانۋار ئېيىدا 37 قۇرۇلۇش قوشۇلدى. دۆلەت مەجلىس ئەزالىرى 2025-يىلى 18-ئىيۇنغا قەدەر FLETF نىڭ ختايىنىڭ ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىغا قارشى تۇرۇش ۋە UFPLA غا بولغان ماسلىششىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خۇسۇسىي ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش پىلانى ھەققىدە چۈشەنچە تەلەپ قىلغان.

رىكتېس مەكتۇپىدا ئامېرىكالىق ئىشچىلارغا زىيان سالىدىغان ماللارنىڭ تەنىنەرخىنى سۈنئىي ھالدا چۈشۈرىدىغان بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن مالىيە مەنبەسىگە ۋە ھوقۇقا بولغان ئېھتىياجنى تەكىتلىگەن.

ئىنگىلىزچىدىن ئۆ.ئالماس تەرجىمىسى

https://nebraska.tv/news/nation-world/senators-urge-action-against-chinas-forced-labor-transfers-of-uyghurs



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2025 -يىلى 6– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 6 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

2025 ـ يىلى، 6 ـ ئاي

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

**شەرقىي تۈركىستاندا خەلقئارالىق مېھمانخانىلار كۆپەيمەكتە**

«تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلىدا 2 ـ ئىيۇن «خەلقئارالىق مېھمانخانىلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارىماي بۇ رايوندا كېڭەيمەكتە» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنۇلار بايان قىلىنغان:

بەزى غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، «Marriott»، «Hilton»، «IHG»، «Accor» قاتارلىق زەنجىرسىمان چوڭ مېھمانخانىلار شەرقىي تۈركىستانغا يېڭى يېڭى مېھمانخانىلار قۇرماقتا. بۇ ھال خىتاينىڭ زۇلۇم سىياسىتىنى نورماللاشتۇرىدۇ ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق» بايانلىرى بىلەن شىركەتلەرنىڭ پايدا قوغلىشىش خىرىسى ئارىسىدىكى زىتلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

غەرب دۆلەتلىرى خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى يەرلىك خەلققە زۇلۇم قىلغانلىق بىلەن ئەيىبلىسىمۇ، ئەمما ئۆز شىركەتلىرىنىڭ ئاشۇ زۇلۇم بولىۋاتقان جايلاردا پايدىغا ئېرىشىشىنى چەكلىمەيدۇ. شىركەتلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. H&M, Volkswagen, BASF قاتارلىق شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنگەن بولسىمۇ، زەنجىرسىمان مېھمانخانىلار تېخىچە شەرقىي تۈركىستاندا كېڭەيمەكتە. غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بولۇمسىزلىقى كىشىلىك ھوقۇق بېسىمىنىڭ كۈچىنى ئازايتىۋېتىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

غەرب شىركەتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ قايمىقىنى يېمەكتە

15-ئىيۇن فوربىس ژۇرنىلىدا غەرب شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىقى توغرىسىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالىدە مۇنۇلار بايان قىلىنغان:

«Global Rights Compliance» ناملىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى غەرب شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر دوكلات تەييارلىدى. دوكلاتتا تىتان، ماگنىي، بېرىلىي قاتارلىق مېنىرال ماددىلىرى چىقىرىلىدىغان كانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ھالدا كان ئىشچىلىقىغا سېلىش مەسىلىسىدە ۋۇجو گورۇھىنىڭ قولى بار بولۇپ، بۇ گورۇھ يۈزدىن ئارتۇق دۆلەتكە مال ساتقان. ماس سېتىۋالغۇچى شىركەتلەر ئارىسىدا Walmart, Carrefour, Metro, Coca-Cola, Starbucks, Disney, Quaker, Avon قاتارلىقلار بار ئىكەن.

6-ئاينىڭ 23-كۈنى

ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتاي ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار خىتاي شىركەتلىرىنى خىزمەت بىلەن تەمىنلىگەن

«Washington Examiner» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا Amazon, Meta ve Reddit قاتارلىق شىركەتلەر ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى خىتاي ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ تىزىملىككە ئالغان DJI, Huawei, Hikvision ve Dahua قاتارلىق شىركەتلەرگە ئېلان خىزمىتى ساتقان. مەزكۇر شىركەتلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىدا تېخنولوگىيىلىك جەھەتتىن خىتايغا ھەمدەم بولغان شىركەتلەر بولۇپ، ئامېرىكادىكى تېخنولوگىيە شىركەتلىرىنىڭ مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرىگە مۇلازىمەت سېتىپ پايدىغا ئېرىشىشى ئەخلاقىي جەھەتتىنلا ئەيىبلىنىدىغان بولۇپ قالماي، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىت ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئۇ.ئالماس تەييارلىدى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

